电脑与生活

# كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش

# COMPUTER & LIFE

2005 · 1




国内统一刊号 CN65-1232/G 邮发代号 58-44 零售价 :5.00元

# كومپيۇتېردا لايىھەلەنگەن مۇقاۋىلار













لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ئىشلىتىلگەن يۇمشاق دېتاللار:

**Adobe Photoshop 5.0CS**
**CorelDRAW 9**
**Adobe Illustrator 10**
**AL KATIP V1.9**
**WITS30**
**3L**

# مۇندەرىجە

## خەۋەرلەر


ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى خىزمەتلىرىدىن خەۋەرلەر ........ 03

كومپيۇتېر ساھەسىدىن خەۋەرلەر .................................... 04


## سوئال-جاۋابلار


قاتتىق دېتالدىن سوئال-جاۋابلار ................................ 08

يۇمشاق دېتالدىن سوئال-جاۋابلار ................................ 12

مەشغۇلات سىستېمىسىدىن سوئال-جاۋابلار ........................ 16

كومپيۇتېر تورىدىن سوئال-جاۋابلار ................................ 18


## قاتتىق دېتال مۇنبىرى


VCD پىلاستىنكىڭىزنى باشقىلار كۆچۈرۈۋالمىسۇن دېسىڭىز ................ 23

مائۇس تەگلىكىڭىز قانداق رەڭدە؟........................................ 27

كومپيۇتېر سېتىۋېلىپ نىمە ئىش قىلىسىز؟ .............................. 45

كامېرا بېشىنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

.............................................. ئەركىن مامۇت 48


## يۇمشاق دېتال مۇنبىرى


كومپيۇتېردا «پۇشايماننىڭ دورىسى بار» .............................. 19

ئىزدەش يۇمشاق دېتالىنىڭ ھوزۇرىنى بىرلىكتە سۈرەيلى ........ ماھىرە ھېۋزۇللا 28


## ئۆنگدىن بۇنىڭدىن


«ئوگاي تىل» نى ئاڭلىغانمۇسىز .......................................... 26

مىكروسوفتنىڭ زىيارەت قىلغۇچىغا ئېلان قىلىنغان رىقابەت .................... 31

كومپيۇتېر مۇزىكىسى توغرىسىدا دەسلەپكى بايان .......... ئابدۇقەييۇم مامۇت 55

21-ئەسىردىكى كومپيۇتېر ۋە كومپيۇتېر تورى تەرەققىياتى .... تۇرگۇن ئىبراھىم 61


## كومپيۇتېر ئىمتىھانى


دۆلەتلىك كومپيۇتېر بىرىنچى دەرىجە ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىشتا ئىگەللەشكە

تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار ............................................ 50

دۆلەتلىك كومپيۇتېر بىرىنچى دەرىجە تەقلىدىي ئىمتىھان سوئالى ............ 51



قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال پەن-تېخنىكا ژۇرنىلى

电脑 كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش

2005-يىللىق 1-سان

باشقۇرغۇچى ئورۇن:
شىنجاڭ كىتاپ، گېزىت، ژۇرنال تەرەققىيات مەركىزى

مەسئۇل بولغۇچى ئورۇن:
ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى

نەشر قىلغۇچى ئورۇن:
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشرىياتى
«كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

主管:
新疆书报刊发展中心
主办:
乌鲁木齐市文联
乌鲁木齐市科协
编辑出版:
“天尔塔格”杂志社
“电脑与生活”编辑部

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەرقىي شىخوڭ يولى 52-نومۇر «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشرىياتى «كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
پوچتا نومۇرى: 830002
تېلېفون: 0991-4696807

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65-1232/G
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 44-58
پارچە سېتىلىشى: 5.00 يۈەن

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال پەن-تېخنىكا ژۇرنىلى

电脑与生活 كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش

2005-يىللىق 1-سان

تەھرىرات مۇدىرى:
ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۆمىن ھەمدۇللا

باش مۇھەررىر:
پولات ھېۋزۇللا

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
راخمانجان قايىر
ئادىل تۇرسۇن

مەسئۇل مۇھەررىر:
راخمانجان قايىر

مۇھەررىرلەر:
ياسىنجان ئېلى
ئىمىرھەسەن مەخمۇت

تېخنىك رېداكتور:
راخمانجان قايىر
ئەكبەر سالىم

مەخسۇس تارقىتىش خادىمى:
ئىمىرھەسەن ماخمۇت

## مەخپىي تەجرىبەمنى دەپ بېرەي

Office دىكى رەسىم قورالىنىڭ رولىغا سەل قارىماڭ ...... ئۆمەرجان 33
Windows نىڭ مەخپىي نومۇرىنى ئۇنتۇپ قالغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟ ...... ئۆمەرجان 35
جەدۋەلنى مۇنداق سىزساقمۇ بولىدۇ ...... 37
كۆپ سىستېما قاچىلانغان كومپيۇتېردا كۆپ ئۇچرايدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى ...... سانىيە يۇسۇپ 38
WindowsXP نىڭ قوزغىلىش رەسىمىنى ئۆزگەرتىش ...... 41
Word نىڭ بىرقانچە ئالاھىدە ئىقتىدارى ...... ئەركىن مامۇت 46
Word تېز قوزغىتىش كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ چىقىرىش ...... 47
يۇمشاق دېتالدىن تەجرىبىلەر ...... 49
كومپيۇتېر ئىشلىتىشتە دائىم كۆرۈلىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى ...... ئايشەمگۈل خالىق 53
كۇنۇپكا تاختىسىدىكى ئىقتىدار كۇنۇپكىلىرىنىڭ رولى ...... ئابلىز مەتتۇرسۇن 58
Word كۆزنىكىدىكى قىزىقارلىق رايونلار ...... مەمەتئېلى ئابدۇراخمان 58

## كومپيۇتېر ۋە مائارىپ

فورمۇلا تەھرىرلىگۈچ يوق ئەھۋالدا ماتېماتىكىلىق ئىپادىلەرنى كىرگۈزۈش ئۇسۇلى ...... تۇرسۇنجان سۇلايمان 43
كومپيۇتېرنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتۇشىدا ئىشلىتىلىشى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم .. تاھىر 44
ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇچۇر تېخنىكىسى دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمىتىدىكى رولى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ...... ياقۇپجان ياسىن 59

## بازار ئۇچۇرى

كومپيۇتېر بازىرىغا نەزەر ...... 63
كومپيۇتېر زاپچاسلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى باھا جەدۋىلى ...... 63

# پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى خىزمەتلىرىدىن خەۋەرلەر




✷ 2005-يىلى 17-يانۋاردىن 21-يانۋارغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى، شەھەرلىك تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى ۋە شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى بىرلىكتە جۇڭگو ئۈرۈمچى-كورىيە. فۇشەن ياش ئۆسمۈرلىرىنىڭ قىشلىق لاگېرى ئويۇشتۇردى. بۇ قېتىمقى لاگېرغا كورىيە فۇشەن شەھىرىدىن 13 نەپەر ئوقۇغۇچى، ئىككى نەپەر خىزمەتچى خادىم، شەھىرىمىزدىنمۇ 13 نەپەر ئوقۇغۇچى ۋە ئىككى نەپەر خىزمەتچى خادىم قاتناشتى. قىسقىغىنە تۆت كۈنلۈك لاگېر جەريانىدا ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭ گېئولوگىيە كان مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى، شىنجاڭ تېلېگراف كۆرگەزمە زالى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى نەنشەن ئاسترونومىيە پونكىتى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ھەمدە قازاق چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى كۆردى. بۇ جەريانىدا ئىككى تەرەپ ئوقۇغۇچىلىرى چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى.




✷ 2005-يىلى 17-يانۋاردا، ئۈرۈمچى شەھىرى پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى شىنخۇالىيەن چەكلىك شىركىتىنىڭ پەنفاڭگۇدىكى كۆكتات ئۆستۈرۈش بازىسىدا قىشلىق پەن-تېخنىكا لاگېرى ئۆتكۈزدى. لاگېرغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار كۆكتاتنى پارنىكتا قانداق ئۆستۈرىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. تېخنىك خادىملارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن مايسا ئۇلاشقا ئوخشاش مەشغۇلاتلارنى ئۆزى قىلدى. شۇ ئارقىلىق دېھقانچىلىققا بولغان چۈشەنچىسى ئاشتى.




✷ 2005-يىلى 2-ئاينىڭ 3-كۈنى ئۈرمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى ۋە پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۈرۈمچى ناھىيىسى شۈيشىگۇدا يېزىلارغا ئۈچنى يۆزلەندۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە شەھىرىمىزدىكى مەدەنىيەت، سەھىيە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، مېتېئورولوگىيە، پىلانلىق تۇغۇت ۋە ھەر قايسى رايونلاردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن بولۇپ جەمئىي 200 دىن ئارتۇق خادىم قاتناشتى ھەم ھەر مىللەت دېھقان-چارۋىچىلىرىغا مۇلازىمەت قىلدى. شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى نادىر نومۇرلارنى ئورۇنلاپ بەردى.




✷ 2005-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى شەھەرلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى رەھبەرلىرى ئازاتلىق ئارمىيە 68250-قىسمىغا بېرىپ ھال سورىدى.



# كومپيۇتېر ساھەسىدىن خەۋەرلەر

✦ ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە يۇمشاق دېتاللارنى ئېچىش ۋە سانائەتلەشتۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئۇچۇر تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، كەڭ تۈردە ئىشلىتىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايونلۇق مىللىيچە يۇمشاق دېتاللارنى ئېچىش ۋە سانائەتلەشتۈرۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇشنى قارار قىلدى. گۇرۇپپا ئەزالىرى تۆۋەندىكىدەك:

**گۇرۇپپا باشلىقى:** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق دائىمىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ؛

**مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى:** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كاتىباتلار باشلىقى ئايۇپ تىيىپ؛

**گۇرۇپپا ئەزالىرى:** ئاپتونوم رايونلۇق ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى نيې زېڭشياڭ؛

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات پىلانلاش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رمىھان يۈسۈپ؛

ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى خۇ كېلىن؛

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لىيۇ خۇا؛

ئاپتونوم رايونلۇق تىل-يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مەمەتئېلى؛

ئاپتونوم رايونلۇق ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇ گوبىڭ؛

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات پىلانلاش ھەيئىتى يۇقىرى تېخنىكا تەرەققىيات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لىيۇ شۇ؛

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى تاشپولات؛

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى فىزىكا-خىمىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىشياۋ؛

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يۇقىرى تېخنىكا ئېچىش رايونىنى باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مايەن؛

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى ئاپتوماتلاشتۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرى لىيۇ جى؛

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى كاتىباتلار 5-بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى جاڭ شياۋنىڭ؛

ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا نازارىتى يۇقىرى تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى فەن شياۋمىڭ؛

رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، «ئاپتونوم رايونلۇق مىللىيچە يۇمشاق دېتاللارنى ئېچىش ۋە سانائەتلەشتۈرۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى»نىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئىشخانا مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى سۇگوبىڭ ئۈستىگە ئالىدۇ.

**رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ۋەزىپىسى:** مىللىيچە يۇمشاق دېتاللارنى ئېچىش، سانائەتلەشتۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە رەھبەرلىك قىلىدۇ. مىللىيچە يۇمشاق دېتاللارنىڭ ئىشلىتىلىش، سانائەتلەشتۈرۈش سىياسەتلىرىنى ۋە فاكچېنلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. مىللىيچە يۇمشاق دېتاللار تەتقىقاتى، ئېچىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنى ئومۇمىي جەھەتتىن پىلانلاش لايىھەسىنى بېكىتىدۇ. مىللىيچە يۇمشاق دېتاللارنى ئېچىش، كېڭەيتىش جەھەتتىكى چوڭ خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ.

✦ ئاپتونوم رايونلۇق مىللىيچە يۇمشاق دېتاللارنى ئېچىش ۋە سانائەتلەشتۈرۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مىللىيچە يۇمشاق دېتاللارنى ئېچىش ۋە سانائەتلەشتۈرۈشنى ئەتراپلىق پىلانلاش، تېمىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تەتقىقات ئەترىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك تىزىملاش ئۇقتۇرۇشى چۈشۈردى. شەرتلىرى تۆۋەندىكىدەك:

## بىرىنچى، تەتقىقات نەتىجىسى

**دائىرىسى:** مىللىيچە ئۇچۇر تېخنىكىسى تۈرىدىكى يۇمشاق دېتال، قاتتىق دېتال، ئۆلچەم ۋە ئۇچۇر مەنبەسى قاتارلىقلار؛

**تۈرى:** شەھەر دەرىجىسىدىن يۇقىرى بولغان خەلق ھۆكۈمىتى تۇرغۇزغان تۈرلەر؛ شەھەر دەرىجىسىدىن يۇقىرى بولغان خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان تۈرلەر؛ دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھەرخىل فوندى تۈرلىرى؛ تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەر ۋە كارخانا ئۆزى تىكلىگەن تۈرلەر؛

**ۋاقتى:** 1990-يىلىدىن كېيىن ئورۇنلانغان ياكى نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تۈرلەر؛

## ئىككىنچى، كەسپىي تېخنىك خادىملار

1. تولۇق كۇرستىن يۇقىرى بولغان ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بولغان (ئوتتۇرا دەرىجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۇنۋانغا ئىگە، مىللىيچە يۇمشاق دېتال ئېچىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئارتۇقچىلىقى بار ھەم ئۇزۇن مۇددەت ئېچىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئوتتۇرا ياش تېخنىك خادىملار؛

2. مىللىيچە يۇمشاق دېتال ئېچىشتا مۇھىم تەتقىقات نەتىجىسىگە ئېرىشكەن تېخنىك خادىملار؛

تىزىملىنىش جەدۋىلى ئىككى پارچە بولۇپ تۆۋەندىكى ئادرېستىن چۈشۈرىۋېلىشقا بولىدۇ.

http://www.xjxxb.gov.cn/xtcdown/20050131-1.doc

http://www.xjxxb.gov.cn/xtcdown/20050131-2.doc

**ئالاقىلاشقۇچى:** ئەكبەر

**تېلېفون:** (0991) 3839823

**ئېلخەت ئادرېسى:** akbar@ms.xjxxb.gov.cn

✦ يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق سۆيەت تېخنىكا تەپتىش ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى تەشكىللىگەن ئاخبارات بىناسىدا «ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە يېزىق ئۆلچىمى تەتقىقاتى» تۈرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە ئۆلچەمنى بېكىتىش يىغىنى ئېچىلىپ، «ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە ھەرپ شەكلى ئۆلچىمى»، «ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە يېزىق كودى ئۆلچىمى» ۋە « ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە كۆرۈنۈش ئاتالغۇلىرى ئۆلچىمى» دىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۆلچەم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈۋېلىندى ھەم بېكىتىلدى.

بۇ تۈر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى تۈرغۇزغان 2003 - يىللىق مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 2003 - يىلى 5 - ئايدا رەسمىي قوزغىتىلىپ، 2004 - يىلى 7 - ئايدا ئاخىرلاشقان. بۇ تۈرنى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا، ئاپتونوم رايونلۇق تېخنىكا ئۆلچەملەشتۈرۈش ھەيئىتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق سۆيەت تېخنىكا تەپتىش ئىدارىسى، شىنجاڭ يۇمشاق دېتال ساھەسى بىرلەشمىسى قاتارلىق ئىدارىلەر ئۈز ئۈستىگە ئالغان.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ مىللىيچە يېزىقتىكى ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش ئۇچۇر قورۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلاندى. مەلۇم دائىرىدە ھەم تېخنىكا نۇقتىسىدىن بەلگىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، مىللىيچە يېزىقتىكى ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىشتا كۆرۈلگەن نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەل بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىي ئىشلىتىلىشىتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. لېكىن ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مىللىيچە يېزىق بىر تەرەپ قىلىشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر بارغانسېرى ئېنىق ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. ئاساسلىق ئىپادىلىرى: ئۆلچەم بىرلىكىنىڭ يوق بولۇشى، يۇمشاق دېتاللارنىڭ ئۆز - ئارا ماسلاشماسلىقى سەۋەبىدىن ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتا قىيىنچىلىق تۇغۇلدى؛ يۇمشاق دېتال ئېچىشتا قايتىلىنىش كۆپ، ئىقتىدارى ئاجىز، ئۆزگىچىلىككە ئىگە يۇمشاق دېتاللار ئاز، قانۇنسىز كۆچۈرۈش ئېغىر، يۇمشاق دېتالنىڭ تاۋارلىشىش سۈرئىتى ئاستا بولدى؛

بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىللىيچە ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئۆلچەملىشىش مەسىلىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ۋە تاۋارلىشىش تەرەققىياتىغا غايەت زور توسالغۇلارنى كەلتۈرگەن. ئېنىقكى، بۇ قېتىمقى ئۆلچەملىشىش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يۇمشاق دېتال تەرەققىياتى، تاۋارلىشىشىدا ناھايىتى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

✦ 2005 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق كومپيۇتېر تېخنىكىسى ۋە يۇمشاق دېتال كەسپى تېخنىكا سالاھىيەت (سەۋىيە) ئىمتاھانىغا تىزىملاش خىزمىتى باشلاندى. تىزىملاش ۋاقتى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە؛ تىزىملاتقاندا كىملىك ۋە كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى، ئۈچ پارچە بىر سوڭلۇق رەسىم تاپشۇرۇلىدۇ. باشلانغۇچ دەرىجىلىكىنىڭ تىزىملاش ھەققى 90 يۈەن، ئوتتۇرا دەرىجىلىكىنىڭ تىزىملاش ھەققى 110 يۈەن، ئالىي دەرىجىلىكىنىڭ تىزىملاش ھەققى 120 يۈەن؛

سۈرۈشتۈرۈش تېلېفون نومۇرى: (0991) 3835743
3845804

✦ يېقىندا خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەستىقلاش ۋە ئارخىپ تۇرغۇزۇش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتىمىگەن تور بېكەتلەرنىڭ 2005 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن بۇرۇن تولۇقلاپ رەسمىيەت ئۆتىشىنى، كەينىگە سۈرگۈچىلەر ۋە ئۆتىمىگۈچىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلىرى بويىچە جازالىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشقۇرۇش تۈزۈملىرى بويىچە، پارلىق سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تور بېكەتلەر چوقۇم تەستىقتىن ئۆتىشى، سودا بىلەن شۇغۇللانمايدىغانلىرى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بېرىپ ئارخىپ تۇرغۇزۇشى كېرەك. تور بېكەتكە ئىگە بولغۇچى كىشى چوقۇم خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا بېرىپ تور ئۇچۇر بىخەتەرلىكى كېلىشىمى ئىمزالىشى لازىم. تەستىقلانمىغان، ئارخىپ تۇرغۇزمىغان تور بېكەت مۇلازىمىتىنى يۈرگۈزگۈچى ئىدارىلەر قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە يېرىم يىللىق تۈزۈتۈش ئارقىلىق 1000 دىن ئارتۇق تور بېكەت تولۇقلىما رەسمىيەت بېجىرگەن. لېكىن پۈتۈن رايوندا يەنىلا بىر قىسىم تور بېكەتلەر رەسمىيەت بېجىرمىگەن. بۇنىڭدىن كېيىن تور بېكەتلەرنى باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلىدىكەن.

مۇناسىۋەتلىك خادىمنىڭ ئېيتىشىچە، رايونىمىزدا ئۇيغۇرچە تور بېكەت ئەڭ بۇرۇن 1997 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا پەقەت بىر قانچىلا تور بېكەت بولغان. ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە 1777 تور بېكەت بولۇپ، 88 ئى مىللىيچە تور بېكەت ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 66 سى ئۇيغۇرچە، 17 سى قازاقچە، 5 ئى قىرغىزچە يېزىقتا ئىكەن. بۇلار گەرچە شىنجاڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىسىمۇ، چوقۇم ئۇچۇر بىخەتەرلىكى ۋە ساغلاملىقىغا قاتتىق دىققەت قىلىشى كېرەك ئىكەن.

✦ يېقىندا شىنجاڭ ئاۋئاتسىيە شىركىتى بىلەن ئۇيغۇرسوفت كومپيۇتېر شىركىتى ئايرودرومدا ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ تىللىق (خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ۋە ئۇيغۇرچە) ئۇچۇرلارنى كۆرسىتىش ۋە رادىئو ئاڭلىتىش يۇمشاق دېتالىنى بىرلىكتە ئېچىش توختامى تۈزدى. ئۇيغۇرسوفت كومپيۇتېر شىركىتى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردىكى ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئېشىرۇش يۇقىرى كۆتۈرىدىغان بۇ يۇمشاق دېتالغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن يۇمشاق دېتال تېزدىنلا ئوڭۇشلۇق پۈتۈپ چىقتى.

بۇ يۇمشاق دېتال ئاپتوبۇسلاردىكى بېكەت نامىنى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە مەلۇم قىلىش سىستېمىسىغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىق خەنزۇچە يېزىقلارنى ئىنگلىزچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقلارغا ئالماشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئاۋاز ئامبىرىدىن تېز سۈرئەتتە ئىزدەپ، تەبىئىي ئادەم سۆزلىگەندىكى راۋان ئاۋازغا ئالماشتۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرسوفت شىركىتى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر، خەنزۇ دېكتور ۋە شىنجاڭدا ئوقۇۋاتقان ئىنگلىزلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاۋاز ئامبىرىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ ئاۋاز ئامبىرى مۇناسىۋەتلىك باھالىغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئىگىلىنىشىچە بۇ يۇمشاق دېتالدا ئاپتوبۇسلاردىكى بېكەت ئېلان قىلىش سىستېمىسىدا ساقلىنىۋاتقان كېلىش قوشۇمچىلىرى توغرا ئۇلانماسلىق مەسىلىسى ناھايىتى تولۇق ھەل قىلىنغان.

بۇ سىستېما مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەلىپى بويىچە كېلەركى ئايدىن باشلاپ ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا ئىشلىتىلمەكچى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئايرودروملارغا كېڭەيتىلمەكچى ئىكەن.

✦ تارقىتىش ئۆزلۈكسىز كېچىكتۈرۈلۈۋاتقان يېڭى ئەۋلات مەشغۇلات سىستېمىسى Longhorn نىڭ تارقىتىلىش ۋاقتى توغرىسىدا مىكروسوفت شىركىتى يېقىندا ئېنىق بىر ۋاقىت جەدۋىلى كۆرسەتتى. جەدۋەلدىكى ۋاقىت تەرتىپى مۇنداق:

2004-يىلى 11-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە بىرىنچى سىناق نۇسخىسىLonghorn R1 ئىچكى قىسىمدا تاماملىنىدۇ؛

2004-يىلى 11-ئاينىڭ 29-كۈنىدىن 2005-يىلى 1-ئاينىڭ 14-كۈنىگىچە بىرىنچى سىناق نۇسخىسىنى ئىشلەش توختىتىلىدۇ؛

2005-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 2-ئاينىڭ 16-كۈنىگىچە بىرىنچى سىناق نۇسخىسى تارقىتىلىدۇ؛

2005-يىلى 2-ئاينىڭ 16-كۈنى كەسپىي ۋە مۇلازىمېتىر نەشرىنىڭ سىناق نۇسخىسى تارقىتىلىدۇ؛

رەسمىي نۇسخىسى 2006-يىلى 5-ئاينىڭ 22-كۈنى ئېلان قىلىنىدۇ؛

ئېيتىلىشىچە بۇ مەشغۇلات سىستېمىسى كارخانا ۋە ئىشلەتكۈچىلەرگە تېخىمۇ قۇلايلىقلارنى ئېلىپ كېلىدىكەن، ۋىرۇس ۋە خەككېرلارنىڭ ھوجۇمىدىن ساقلاش ئىقتىدارى ۋە مۇقىملىق دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىكەن، يۇمشاق دېتال تەتقىقاتچىلىرىنى تېخىمۇ كۈچلۈك API ئېغىزى بىلەن تەمىنلەيدىكەن؛

سىناق نۇسخىسىنى قاچىلاپ ئىشلىتىپ كۆرۈش داۋامىدا بۇ سىستېمىنىڭ بۇرۇنقى WindowsXP دىن تېز قاچىلىنىدىغانلىقى، قوزغىلىش سۈرئىتىنىڭمۇ بەلگىلىك تېزلەشكەنلىكى، لېكىن ئىگىلەيدىغان سىغىمىنىڭ چوڭ بولۇپ كەتكەنلىكى بايقالدى.

بۇرۇن ئېيتىلغىنى بويىچە، بۇ مەشغۇلات سىستېمىسىغا ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى قوشۇۋېتىلگەن بولۇپ، گەرچە سىناق نۇسخىسىدا ئۇيغۇرچە خەت نۇسخىسى تەمىنلەنمىگەنلىكتىن، يېزىق كىرگۈزۈپ سىناپ كۆرگىلى بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن خۇددى خەنزۇچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى قوشقانغا ئوخشاش ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى بىمالال قوشقىلى بولدى. قارىغاندا پۈتۈن كۈچىنى ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يۇمشاق دېتال ئىشلەشكە قارىتىدىغان پۇرسەت كەلگەندەك قىلىدۇ.




✦ نەچچە ئاي ئىلگىرى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ چىققان «ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە (خەنزۇچە، ئىنگلىزچە)، ئەرەبچە(ئىنگلىزچە) قوش يۆنىلىشلىك يېزىق پەرقلەندۈرۈش سىستېمىسى» مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. بۇ سىستېما ئارقىلىق ھەرقايسى باسما ماتېرىياللىرىدىكى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ئەرەبچە يېزىقلار سىكەنىر، رەسىم

ئاپپاراتى ۋە سىن ئالغۇ قاتارلىق نۇر ئۇسكىنىلىرى ئارقىلىق كىرگۈزۈپ Office يۇمشاق دېتالىغا تەھرىرلىگىلى بولىدىغان يېزىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. بۇ سىستېمىنىڭ بارلىققا كېلىشى دۆلىتىمىز يېزىق تونۇتۇش تېخنىكىسىنىڭ دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.



✦ ئالما شىركىتىنىڭ باشلىقى ستىۋ.جوبس 1-ئاينىڭ 11-كۈنى ئەڭ ئەرزان ئالما كومپيۇتېرى Mac Mini نى كۆرگەزمە قىلدى. ھەم 1-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي بازارغا سېلىندى. بۇ كومپيۇتېرنىڭ بىر تەرەپ قىلغۇچى Power PC 1.25GHz (ئىككىنچى خىلىنىڭ 1.42GHz)، ئىچكى ساقلىغۇچى DDR333 256MB، كۆرسىتىش كارتىسى ATI Radeon 9200، قاتتىق دىسكىسى 40GB (ئىككىنچى خىلىنىڭ 80GB)، DVD ROM سەپلەنگەن بولۇپ، ئېكران، كۇنۇپكا تاختىسى ۋە مائۇسلار يوق. بۇلارنى ئىشلەتكۈچى ئۆزلىرى ئايرىم سېتىۋالىدۇ. مەشغۇلات سىستېمىسىغا MAC OS X10.3 قاچىلانغان. بۇ كومپيۇتېرنىڭ ھەجمى ئىنتايىن كىچىك ھەم يېنىك، باھاسىمۇ ئەرزان بولۇپ بىرىنچى خىلىنىڭ باھاسى 4100 يۈەن، ئىككىنچى خىلىنىڭ باھاسى 4990 يۈەن؛ بۇ ئالما شىركىتىنىڭ ئالما كومپيۇتېرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان دەسلەپكى تەدبىرى.





✦ 1-ئاينىڭ 14-كۈنى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىمىنىڭ ئېيتىشىچە، 2005-يىلى كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ تورخانىغا كىرگۈزۈش، رەسمىيەتسىز تورخانا ئېچىش قىلمىشلىرىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدىكەن. پاش قىلغۇچىلارغا مۇكاپات بېرىشتىن باشقا تورخانىلارنى باشقۇرىدىغان سىستېمىغىمۇ كۈچلۈك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدىكەن.

✦ نەچچە كۈن ئىلگىرى جۇڭگو ئىستىمالچىلار جەمئىيىتى ئىستىمالچىلارغا يانفون ئارقىلىق تورغا چىققاندا مەشغۇلات باسقۇچلىرىغا دىققەت قىلىش، ئورۇنسىز چىقىمدىن ساقلىنىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى.

يانفون تورمۇشىمىزغا زور قولايلىقلارنى كەلتۈردى. لېكىن بەزى ئىستىمالچىلار يانفون ئارقىلىق تورغا چىققاندا، قىسقا ئۇچۇر يوللىغاندا ياكى يانفون ئارقىلىق بەزى ماتېرىياللارنى چۈشۈرگەندە نورغۇن سۆزلىشىش ھەققى چىقىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئىكەن. بىرى، يانفون نومۇرى ئىناۋەتسىز قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ نومۇردا تىزىملانغان ھەرخىل پۇل ئالىدىغان مۇلازىمەتلەر ئىناۋەتسىز قىلىنمىغان؛ ئىككىنچى، يانفون نومۇرىنى ئىناۋەتسىز قىلماستىنلا توختىتىپ قويغان؛ ئۈچىنچى، ئېھتىياتسىزلىقتىن پۇل ئالىدىغان تور بېكەتلەرگە تىزىملىتىپ قويغان؛

✦ يېقىندا چەتئەلدىكى Streamload دېگەن تور بېكەت ئىشلەتكۈچىلەرنى سىغىمى 10GB بولغان ھەقسىز تور قاتتىق دېسكىسى مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگەن. تەپسىلىي ئۇچۇرنى كۆرمەكچى بولسىڭىز تۆۋەندىكى تور بېكەتنى زىيارەت قىلىپ كۆرۈڭ.

http://streamload.com

✦ ياپونىيە TDK شىركىتى قوغداش ئىقتىدارى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان ئوپتىك دېسكىنىڭ قوغداش قەۋىتى تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. سىناق جەريانىدا بۇ خىل تېخنىكا ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغان DVD پلاستىنكىسىنى پىچاق بىلەن سىزغاندىمۇ ھېچقانداق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان. سانلىق مەلۇماتلارنى كومپيۇتېر ناھايىتى بىمالال ئوقۇپ چىققان.

✦ 1-ئاينىڭ 8-كۈنى، AMD شىركىتى كىچىك تىپتىكى لەپتوپ كومپيۇتېرلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان «Turion» نامىدىكى بىر تەرەپ قىلغۇچىنى بازارغا سالدى. بۇ بىر تەرەپ قىلغۇچىنىڭ قۇۋۋىتى 35 ۋات بولۇپ، PentiumM بىر تەرەپ قىلغۇچى بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىكەن. باشقا ئىقتىدارلىرىمۇ خېلىلا يۇقىرى ئىكەن.

✦ 1-ئاينىڭ 20-كۈنى، Intel شىركىتى «Sonoma» دېگەن نامدا ئاتالغان لەپتوپ كومپيۇتېر بىر تەرەپ قىلغۇچىنى ئېلان قىلدى. بۇ بىر تەرەپ قىلغۇچتا بۇرۇنقى ئاساسىي لىنىيە(FSB) سۈرئىتى ئەسلىدىكى 400MHz دىن 533MHz غا ئۆستۈرۈلگەن، DDR2 ئىچكى ساقلىغۇچنى قوللايدىغان بولغان ھەم بوشلۇقتىكى كۆرۈنۈشنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى بۇرۇنقى نۇسخىسىدىن ئىككى ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

## 2005-يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق كومپيۇتېر تېخنىكىسى ۋە يۇمشاق دېتال كەسپىي تېخنىكا سالاھىيەت (سەۋىيە) ئىمتاھانىنىڭ ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇلىشى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۇنىۋېرسال بىلىم | ئەتىگەن 9:00__11:30 | ئۇچۇر سىستېما باشقۇرغۇچى | ئالىي دەرىجىلىك |
| مىساللاردىن تەھلىل | چۈشتىن كېيىن 1:30__3:00 | | |
| ئىلمىي ماقالە | چۈشتىن كېيىن 3:20__5:20 | | |
| ئۇنىۋېرسال بىلىم | ئەتىگەن 9:00__11:30 | سىستېما تەھلىلچىسى | |
| مىساللاردىن تەھلىل | چۈشتىن كېيىن 1:30__3:00 | | |
| ئىلمىي ماقالە | چۈشتىن كېيىن 3:20__5:20 | | |
| ئاساسىي بىلىم | ئەتىگەن 9:00__11:30 | يۇمشاق دېتال ماھالسۇچى | ئوتتۇرا دەرىجىلىك |
| ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكا | چۈشتىن كېيىن 2:00__4:30 | | |
| ئاساسىي بىلىم | ئەتىگەن 9:00__11:30 | يۇمشاق دېتال لايىھەلىگۈچى | |
| ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكا | چۈشتىن كېيىن 2:00__4:30 | | |
| ئاساسىي بىلىم | ئەتىگەن 9:00__11:30 | تور ئىنژېنېرى | |
| ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكا | چۈشتىن كېيىن 2:00__4:30 | | |
| ئاساسىي بىلىم | ئەتىگەن 9:00__11:30 | كۆپ ۋاستىلىق ئەمەلىي قوللانمىلارنى لايىھەلىگۈچى | |
| ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكا | چۈشتىن كېيىن 2:00__4:30 | | |
| ئاساسىي بىلىم | ئەتىگەن 9:00__11:30 | ئۇچۇر سىستېمىسى نازارەتچىسى | |
| ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكا | چۈشتىن كېيىن 2:00__4:30 | | |
| ئاساسىي بىلىم | ئەتىگەن 9:00__11:30 | سىغىر ئىشكىلاتى سىستېمىسى ئىنژېنېرى | |
| ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكا | چۈشتىن كېيىن 2:00__4:30 | | |
| ئاساسىي بىلىم | ئەتىگەن 9:00__11:30 | پروگرامما خادىمى | باشلانغۇچ دەرىجىلىك |
| ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكا | چۈشتىن كېيىن 2:00__4:30 | | |
| ئاساسىي بىلىم | ئەتىگەن 9:00__11:30 | تور باشقۇرغۇچى | |
| ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكا | چۈشتىن كېيىن 2:00__4:30 | | |

4-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن بۇرۇن ئېھتىياجلىق بولغان ئىمتاھان قەغەز سانى يۇقۇرىغا يوللىنىدۇ، 5-ئاينىڭ 29-كۈنى ئىمتاھان ئېلىنىدۇ. ئىمتاھان تىزىمى ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىيالىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى www.ceiaec.org دىن كۆرۈۋېلىڭ.

# قاتتىق دېتال مەسىلىلىرىدىن سوئال جاۋابلار



✦سوئال: بارماق دېسكا(优盘) دىن بىرنى سېتىۋالغان ئىدىم، قوزغىتىش پروگراممىسنى تونجى قېتىم قاچىلىغان ۋاقىتتا بارماق دېسكىنىڭ خاسلىق كۆزنىكىدە پىرىسلاش نامىلىق تاللاش تۈرى بار ئىدى. بۇ ئىقتىدار ئارقىلىق بارماق دېسكىنىڭ سىغىمىنى خېلىلا چوڭايتقىلى بولاتتى. ئەمما كېيىن كومپيۇتېردىن مەسىلە چىقىپ پروگراممىلارنى قايتا قاچىلىغان ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن خاسلىق كۆزنىكىدىكى پىرىسلاش تۈرى كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىقتىدارنى قانداق پەيدا قىلغىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا دېسكىنى پىرىسلىغاندىن كېيىنكى كېڭەيتىلگەن ئومۇمىي سىغىمى پەقەت پىرىسلاش ئېلىپ بارغان كومپيۇتېرنىڭ ئۆزىدىلا ئىناۋەتلىك بولىدىكەن. باشقا كومپيۇتېردا يەنىلا ئەسلىدىكى ئازلا سىغىمى كۆرۈنىدىكەن. بۇ قانداق ئىش؟ (ئۈرۈمچىدىن غوپۇر ئىمىن)

جاۋاب: ھازىرقى بارماقدېسكىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە سانلىق مەلۇماتلارنى يوشۇرۇن قىلىش رولى بار. بۇنىڭدا بارماقدېسكىدىكى ساقلاش رايونىنى ئىككى رايونغا بۆلىدۇ. بىرىنچى رايون ئاممىۋى رايون بولۇپ، ھەرقانداق كومپيېرغا سالغاندا بىۋاستە كۆرگىلى بولىدۇ. يەنە بىر رايون بولسا مەخپىي رايون بولۇپ كومپيۇتېرغا سالغاندا كۆرۈنمەيدۇ. بۇ مەخپىي رايوننى بارماقدېسكىنىڭ مەخسۇس پروگراممىسى ئارقىلىق مەخپىي شىفىر كىرگۈزۈپ كۆرىمىز. بۇ پروگراما ئادەتتە بارماقدېسكىدىكى ئاممىۋى رايونغا كۆچۈرۈپ قويىلىدۇ. باشقا كومپيۇتېرغا سالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئاممىۋى رايوندىكى شۇ مەخسۇس پروگراما ئىجرا قىلىنىپ، مەخپىي نومۇر كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن بىز يۇقىرىدا ئېيتقان مەخپىي رايون كۆرىنىدۇ.

ئادەتتە ئاممىۋى رايونغا بارماقدېسكىنىڭ قوزغىتىش پروگراممىسى ۋە مەخسۇس كۆرۈش پروگراممىسىلا كۆچۈرۈپ قويۇلىدىغان بولغاچقا سىغىمى نىسبەتەن ئاز ئايرىلغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا دەسلەپتە كومپيۇتېرغا سالغاندا سىغىمى ناھايىتى ئاز كۆرۈنىدۇ.

مەسىلەن، تۆۋەندىكىسى مەلۇم ماركىدىكى بارماقدېسكىنىڭ كومپيۇتېرغا دەسلەپتە سېلىنغاندىكى كۆرۈنۈشى بولۇپ سىغىمى ئارانلا 24 مېگابايت.




بۇنىڭ ئىچىدىكى SecurityPlus.exe دېگەن پروگراما بارماقدېسكىنىڭ مەخپىيلەشتۈرۈش پروگراممىسى. (**بارماقدېسكا ماركىسى ۋە تۈرى ئوخشىمىسا مەخپىيلەشتۈرۈش پروگراممىسىنىڭ نامى ۋە كۆرۈنۈشلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ.**)

شۇ پروگراما قوش چېكىپ ئىجرا قىلىنسا ئىشلەتكۈچىدىن مەخپىي نومۇر سوراش كۆزنىكى كۆرۈنىدۇ.




مەخپىي نومۇر توغرا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن كۆز ئالدىمىزدا بارماقدېسكىنىڭ مەخپىي رايونىدىكى مەزمۇنلار كۆرۈنىدۇ. ئاندىن بىز بۇ رايونغا خالىغانچە مەشغۇلات ئېلىپ بارالايمىز. بۇ مەخپىي رايوننىڭ چوڭلۇقى 110 مېگابايت.




(**مەخپىي نومۇر دەسلەپتە زاۋۇت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بولۇپ، بارماقدېسكىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە بار. بىراق ئىشلەتكۈچى مەخپىيلەشتۈرۈش پروگراممىسىدىكى تەڭشەش بۇيرۇقى ئارقىلىق مەخپىي نومۇرنى ئۆزگەرتۈۋېلىشقا بولىدۇ.**)

باشقا كومپيۇتېرغا سالغاندىن كېيىنمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا مەخپىي رايوننى ئېچىپ ئاندىن ئۇچۇر ساقلايمىز. ئەگەر سىز مەخپىي رايون بىلەن ئاممۇي رايوننىڭ نىسبىتىنى تەڭشىمەكچى بولسىڭىز مەخپىيلەشتۈرۈش پروگراممىسىدىكى تەڭشەش(设定) كۇنۇپكىسىنى بېسىپ نىسبىتىنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن دېسكا ئايرىشنى ئىجرا قىلىش (执行磁盘分割) كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز بولىدۇ.




سىز دېگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا بارماقدېسكىڭىزدىكى مەخپىيلەشتۈرۈش پروگراممىسى ئۆچۈپ كېتىپتۇ. شۇڭلاشقا بارماقدېسكىنىڭ ئوپتىك دېسكىدىن ياكى تور بېكىتىدىن شۇ پروگراممىنى چۈشۈرۈپ ئاممىۋى رايونغا كۆچۈرۈپ قويسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق ئىشلىتىشنى خالىمىسىڭىز بارلىق بوشلۇقنى ئاممۇي رايون قىلىپ بەلگىلىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

✦سوئال: مەندە 2008c 天影 تىپلىق پىرىسلاش كارتىسى بار ئىدى. Windows98 دە ناھايىتى ياخشى ئىشلەيتتى. لېكىن يېقىندا كومپيۇتېرىمغا Windows2000 قاچىلىغاندىن كېيىن پەقەتلا ئىشلىمىدى. زاۋۇت تور بېكىتىدىن Windows2000 نىڭ قوزغىتىش پروگراممىسىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىساممۇ بولمىدى. قانداق قىلسام Windows2000/XP لاردا ئىشلىتەلەيمەن؟ (مارالبېشى ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدىن ئەمەت ئەخمەت)

جاۋاب: ئەگەر ئوپتىك دىسكىسىدا ياكى زاۋۇت تور بېكىتىدە Windows2000 دىكى قوزغىتىش پروگراممىسى تەمىنلەنگەن بولسىلا چوقۇم ئىشلەيدۇ. قارىغاندا پىرىسلاش كارتىسى كومپيۇتېرىڭىزدىكى باشقا ئۈسكۈنىلەر(كارتىلار) بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان ئوخشايدۇ. شۇڭلاشقا باشقا كارتىلارنى چىقىرىۋېتىپ(كۆرسىتىش كارتىسى ۋە ئاۋاز كارتىسىدىن باشقا) سىناپ كۆرۈڭ. پىرىسلاش كارتىسىنىڭ ئاساسىي تاختىدىكى سېلىنغان ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ كۆرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

بەزى كامېرا بېشى(摄像头) ئۈسكۈنىسىنىڭ پىرىسلاش كارتىسى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغان مەسىلىسىمۇ بار. بۇنىمۇ تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ. ئۇنىڭدىن باشقا، قوزغىتىش پروگراممىسىنى قاچىلاشتىن ئىلگىرى سىستېما بىلەن بىرلىكتىلا قوزغىلىدىغان پروگراممىلار( مەسىلەن، ۋىرۇس ئۆلتۈرۈش قورالى دېگەندەك) نىمۇ ۋاقىتىنچە توختىتىپ قاچىلاپ كۆرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئەگەر بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھېچقايسىسىدا قاچىلىغىلى بولمىسا، زاۋۇتنىڭ تور بېكىتىدىكى سوئال-جاۋاب ساھەپىسىگە قاراپ بېقىڭ. ياكى ئېخەت يېزىپ سوراپ كۆرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

✦سوئال: يېقىندا كومپيۇتېرىمدا كىنو-فىلىم نورمال كۆرۈنمەيدىغان(سۈرەت چاپاق، رەڭلەر توغرا ئەمەس) بولۇۋېلىپ، مۇلازىمەت ئورنىغا ئاپارغانىدىم. قوزغىتىش پروگراممىسى ئۆچۈپ كېتىپتۇ، -دەپ قايتا قاچىلىدى. بىراق يەنىلا نورمال كۆرۈنمىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆرسىتىش كارتىسىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن ھەممىسى نورمال چىقتى. شۇ ۋاقىتتا باشقا بىر خىزمەتچى خادىم كېلىپ ئەسلىدىكى كارتا بىلەن نورمال چىقىدىغان قىلدى. بىراق كومپيۇتېرنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ قايتا قوزغاتسام يۇقىرىدىكى ئەھۋال يەنە تەكرارلىنىشقا باشلىدى. كومپيۇتېرنى بىرقانچە قېتىم قايتا قوزغاتقاندىن كېيىن يەنە نورمال چىقىدىغان بولىدۇ. بۇ زادى كۆرسىتىش كارتىسىنىڭ مەسىلىسىمۇ ياكى سىستېمىنىڭمۇ؟ (ئۈرۈمچىدىن غوپۇر ئىمىن)

جاۋاب: ئەھۋالدىن قارىغاندا كۆرسىتىش كارتىڭىزنىڭ سۈپىتىدە مەسىلە بار ئىكەن. كارتا ئۈستىدىكى شاڭالدۇرغۇچنى تازىلاپ ياكى ئالماشتۇرۇپ كۆرۈڭ.

باشلاش تىزىملىكىدىكى ئىجرا قىلىش(运行) كۆزنىكىگە dxdiag دېگەن بۇيرۇقنى يېزىپ ئىجرا قىلغاندىن كېيىن، كۆزنەكتىكى كۆرسىتىش(显示) دېگەن تۈر ئىچىدىكى Direct3D加速 دېگەن تۈرنى ئىشلىتىلمەيدىغان(禁用) قىلىپ سىناپ كۆرۈڭ.



ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنى ئىشلىتىلمەيدىغان قىلىپ سىناپ كۆرسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىراق بۇ تۈرلەر ئىشلىتىلمەيدىغان بولسا كۆپىنچە ئويۇنلارنى ئوينىيالمايسىز.

ئەگەر يەنىلا ئوڭشالمىسا كارتىنى ئالماشتۇرغىنىڭىز ياخشى.

✦سوئال: خەنزۇچە كىتاپلارنى كۆرسەم كومپيۇتېرنى 电脑، 计算机، 微机 قاتارلىق ئاتالغۇلار بىلەن ئېلىپتۇ. بۇلارنىڭ پەرقى بارمۇ؟ (پەيزاۋات ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىن ئابدۇكېرىم ئابباس)

جاۋاب: پەرقى يوق. چۈنكى كومپيۇتېر دەسلەپتە چىققان ۋاقىتلاردا ئاساسەن دېگۈدەك ھېساپلاشلاردا ئىشلىتىلگەن بولغاچقا خەنزۇچىدە 计算机 دەپ ئېلىنغان(ئىنگلىزچىدىكى Computer نىڭ تەرجىمىسى). ئۇيغۇرچىدىمۇ ھېساپلاش ماشىنىسى دەپ ئىشلىتىلدى. توپلاشتۇرۇش توك يولى تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە كومپيۇتېرنىڭ ھەجىممۇ كىچىكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بەزى كىشىلەر ئادەتتىكى شەخسلەر كومپيۇتېرىنى 微星计算机(微机) دەپ ئاتىدى. بىر مەزگىل ئۇيغۇرچىدىمۇ مىكرو ھېساپلاش ماشىنىسى دەپ ئىشلىتىلدى. كېيىنچە كومپيۇتېر پەقەت ھېساپلاشتىلا ئەمەس ھەرقايسى ساھەلەردە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلگەچكە 电脑 دېيىمۇ ئاتالدى. ئۇيغۇرچىگە بىۋاستە تەرجىمە قىلىنىپ، بىر مەزگىل ئېلېكترونلۇق مېڭە دەپ ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئانچە ئومۇملىشالمىدى. كېيىن تىل-يېزىق كومىتېتى تەرىپىدىن «كومپيۇتېر» دېگەن ئاتالغۇدا بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

يۇقىرىدا سىز ئېيتقان 微机 دېگەن ئاتالغۇلار بۇرۇن چىققان كىتاپلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. 电脑 بىلەن ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

✦سوئال: ئۆتكەن يىلى 10-ئايدا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بىر دانە Toshiba e_STUDIO169 دېگەن ماركىدىكى كۆپەيتىش ماشىنىسى سېتىۋالغان ئىدۇق. ئەسلىدە ئۇزى بىلەن بىرگە كەلگەن رەڭ(碳粉) نى ئىشلەتكەندە كۆپەيتىلگەن ماتېرىياللار ناھايىتى ئوچۇق، خۇددى ئەسلى نۇسخىسىدەكلا چىقاتتى. كېيىن ئۇنىڭ رېڭى تۈگىدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەردىكى كومپيۇتېر سايمانلىرى ساتىدىغان ماگىزىندىن تىپى ۋە ماركىسى ئوخشاش بولغان رەڭ سېتىۋېلىپ ئىشلەتتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىدىكىدەك ئوچۇق، سۈپەتلىك چىقمايۋاتىدۇ. قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن بولسىڭىز. (چىرا ناھىيە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن ئەكبەر يۇنۇس)

جاۋاب: ھازىر ئىشلىتىلىپ تۈگىگەن رەڭ قۇتىسىنى يىغىۋېلىپ، ئادەتتىكى رەڭنى قاچىلىغاندىن كېيىن قايتىدىن قايقا سېلىپ ساتىدىغان ئىشلار كۆپ. قارىغاندا سىز شۇنداق ساختا رەڭ سېتىۋېلىپ قاپسىز. شۇڭلاشقا بۇنىڭدىن كېيىن شۇ خىلدىكى رەڭنى مەخسۇس سېتىش ئورۇنلىرىدىن ماتېرىياللىرىنى تولۇق كۆرۈپ سېتىۋېلىڭ. ياكى توردىن سېتىۋېلىپ ئەكەلدۈرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

✦سوئال: يېقىندا كومپيۇتېرىمدىكى ئاساسىي تاختىنى(主板) نى ئالماشتۇرغانىدىم. ئالماشتۇرۇپ بولۇپ كومپيۇتېرنى قوزغاتسام قوزغالمىدى. (كۆرسىتىش كارتىسى چوقۇم ساق. چۈنكى ئۇنى ئەسلىدىنلا ئىشلىتىۋاتقان كارتا) بۇنداق مەسىلىنى قانداق تەكشۈرۈش كېرەك؟ (يەكەن ناھىيە 5-ئوتتۇرا مەكتەپ كومپيۇتېر ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدىن تۇرسۇنجان سۇلايمان)

جاۋاب: ئاساسىي تاختا بىلەن ئەسلىدىكى كومپيۇتېرنىڭ CPU سى، ئىچكى ساقلىغۇچى ۋە كۆرسىتىش كارتىلىرىنىڭ ماسلاشمىدىغان

ماسلاشمايدىغانلىقىنى تەكشۈرۈڭ. چۈنكى CPU نى ئۇلىنىش پۇتلىرى ·Socket939 ·Socket724 ·LGA775 ·Socket478 ·Socket370 Socket940 قاتارلىق نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئىچكى ساقلىغۇچمۇ SDRAM· DDR266· DDR333· DDR400 قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. كۆرسىتىش كارتىسىنىڭمۇ AGP2X· AGP4X· AGP8X قاتارلىق ئۇلىنىش ئېغىزى ئۆلچىمى بار. ناۋادا بۇلارنىڭ قايسى بىرى ماسلاشماي قالسا كومپيۇتېر قوزغالمايدۇ.

ماسلىششتا مەسىلە بولمىسا ئالدى بىلەن ئاساسى تاختىغا پەقەت CPU بىلەن ئىچكى ساقلىغۇچ ۋە كۆرسىتىش كارتىسىنىلا ئۇلىغاندىن كېيىن قوزغىتىپ كۆرۈڭ. (كۆرسىتىش كارتىسىغا ئېكرانىنى ئۇلايسىز، توك مەنبەسىنى چىقىرىۋېلىپ ئاساسىي تاختىغا ئۇلىغاندىن كېيىن ئاساسىي تاختىدىكى PowerSW دېگەن ئورۇندىكى ئىككى پۇتنى ئەتۈركە قاتارلىق توك ئۆتكۈزىدىغان ئۈسكىنىلەر ئارقىلىق بىرلا تەگدۈرۈپ قويسىڭىز قوزغىلىش كۇنۇپكىسى بېسىلغانغا باراۋەر بولىدۇ.) ئەگەر مۇشۇ ئەھۋالدا كومپيۇتېر قوزغالمىسا شۇ تۆت ئۈسكىنىڭ مەلۇم بىرىدە مەسىلە بولغان بولىدۇ. بۇنى يەنە ھەر بىرسىنى ئايرىم-ئايرىم يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇپ سىناش ئارقىلىق قايسىسىدا مەسىلە بارلىقى تاپقىلى بولىدۇ. ئەگەر يۇقىرىدىكى ئەھۋالدا نورمال قوزغالسا ئاندىن سىز قاتتىق دىسكا، ئوپتىك دىسكا قاتارلىق باشقا ئۈسكىنىلەرنى بىردىن-بىردىن سېلىپ تەكشۈرىسىز.

**✦سوئال: قاتتىق دىسكىدىن چىققان كارتىلدىغان ئاۋازنى يوقىتىش ياكى تۆۋەنلىتىشنىڭ ئامالى بارمۇ؟ (يەكەن ناھىيە 5-ئوتتۇرا مەكتەپ كومپيۇتېر ئوقۇتۇش گورۇپپىسىدىن تۇرسۇنجان سۇلايمان)**

جاۋاب: بۇ قاتتىق دىسكىنىڭ ئىچىدىكى ماگنىتلىق تەخسىنىڭ ئايلىنىشىدىن چىققان ئاۋاز بولۇپ، يوقىتىش ئىمكانىيىتى ئاساسەن يوق. بىر قانچە قاتتىق دىسكا زاۋۇتلىرى ئۆزلىرىنىڭ بەزى قاتتىق دىسكىلىرىنىڭ ئاۋازىنى پەسلىتىدىغان پروگراممىلارنى توردا ھەقسىز تارقاتتى. سىز ئۆزىڭىزنىڭ قاتتىق دىسكىڭىزنىڭ تىپىنى ئېنىقلاپ، شۇ قاتتىق دىسكىنى ئىشلىگەن زاۋۇتنىڭ تور بېكىتىگە چىقىپ ئىزدەپ كۆرۈڭ.

**✦سوئال: كومپيۇتېرىمىنىڭ ئاساسىي تاختىسى i815 ئۆزەكلىك. ئەگەر مەن ئاساسىي تاختىنى ئۆزگەرتمەي، باشقا سەپلىمىلىرىنى يۇقىرىلاتماقچى بولسام CPU ۋە ئىچكى ساقلىغۇچلىرىغا چەك بارمۇ؟ (يەكەن ناھىيە 5-ئوتتۇرا مەكتەپ كومپيۇتېر ئوقۇتۇش گورۇپپىسىدىن تۇرسۇنجان سۇلايمان)**

جاۋاب: i815 ئۆزەكلىك ئاساسىي تاختىلارنىڭ ھەممىسى Socket370 ئۆلچىمىدىكى مەركىزىي بىر تەرەپ قىلغۇچ ۋە PC133 ئۆلچىمىدىكى SDRAM ئىچكى ساقلىغۇچنى ئىشلىتىدۇ. بۇ تەخمىنەن 2000-يىللاردىكى مودا سەپلىمە بولۇپ، ھازىر بۇنداق ئۆلچەمدىكى ئىچكى ساقلىغۇچ ۋە بىر تەرەپ قىلغۇچلارنىڭ يېڭىسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. بىراق ئىككىنچى قول كومپيۇتېر بازىرىغا بارسىڭىز تاپالايسىز. لېكىن تاپقان تەقدىردىمۇ بىر تەرەپ قىلغۇچ ئەڭ تېز بولغاندا 1GHz ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن (چۈنكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى چىقمىغان). ئۇنىڭدىن باشقا i815 ئۆزەكلىك ئاساسىي تاختىلار ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ جەمئىي 512MB لىق ئىچكى ساقلىغۇچنى قوللايدۇ. ئەگەر بىر تەرەپ قىلغۇچىڭىزنىڭ سۈرئىتى 800MHz ئەتراپىدا، ئىچكى ساقلىغۇچى 128MB ئەتراپىدا بولسا دەرىجىسىنى ئۆستۈرسىڭىز ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئەڭ ياخشىسى بىر ئاز پۇل قوشۇپ ئاساسىي تاختا، بىر تەرەپ قىلغۇچ ۋە ئىچكى ساقلىغۇچنى بىراقلا ئالماشتۇرۇش كېرەك.

**✦سوئال: بىر دانە پرىنتېر ۋە سكەنىر سەپلەنگەن كومپيۇتېر بولسا ھەرخىل يېزىقتىكى ھۆججەت، كېنىشكا، دىپلوم دېگەندەك نەرسىلەرنى خۇددى كۆپەيتىش ئاپپاراتىدەك (كۆپەيتىش ئاپپاراتى بولمىغان ئەھۋالدا) كۆپەيتكىلى بولامدۇ؟ (ئاقتو ناھىيە بولۇڭكۆل ئوتتۇرا مەكتەپتىن جارمامبەت ھسامىدىن)**

جاۋاب: ئەلۋەتتە بولىدۇ. ئالدى بىلەن سكەنىرنىڭ پروگراممىسى ئارقىلىق ماتېرىياللارنى سكەنىرلىگەندىن كېيىن، ئاندىن بېسىش بۇيرۇقىنى بەرسەكلا بولىدۇ.

ھازىر بازارلاردا USB ئېغىزى ئارقىلىق ئۇچۇر كىرگۈزگىلى بولىدىغان پرىنتېرلار كۆپىيىپ قالدى. ئەگەر سىزدە شۇنىڭدەك USB ئېغىزلىق پرىنتېر، USB ئېغىزلىق سكەنىرلا بولسا، كومپيۇتېر بولمىسىمۇ كۆپەيتىش مەقسىدىگە يېتەلەيسىز. بۇنىڭدا سكەنىرنىڭ كومپيۇتېرغا ئۇلىنىش ئېغىزى بىۋاسىتە پرىنتېردىكى USB ئېغىزىغا ئۇلىنىدۇ. ئاندىن سكەنىردىكى بېسىش كۇنۇپكىسى بېسىلسىلا دەرھال سكەنىرلەپ پرىنتېرغا ئۆزىتىپ بېرىدۇ. پرىنتېر ئۇچۇرنى تاپشۇرىۋالغاندىن كېيىن دەرھال بېسىپ چىقىرىدۇ. پرىنتېردىكى بۇ ئېغىزغا سكەنىردىن باشقا رەسىم تارتىش ئاپپاراتىنى ئۇلاش ئارقىلىقمۇ تارتقان رەسىمنى بېسىپ چىقىرىشقا بولىدۇ.

**✦سوئال: كومپيۇتېرىمغا Windows98 قاچىلانغان ئىدى. WindowsXP قاچىلايمەن-دەپ دىسكا رايونىنى فورماتلىماقچى بولۇپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن D رايوننى فورماتلاپ قويۇپتىمەن. D رايوندا مېنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى يىغىپ كەلگەن نۇرغۇن يۇمشاق دېتال ۋە ۋە ناخشىلار بار ئىدى. مۇشۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بارمىدۇ؟ (يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى مۇھىت ئاسراش فاكۇلتېتىدىن ئەلى)**

جاۋاب: ھازىر قايتىدىن رايونلارغا ئايرىۋېتىلگەن، فورماتلانغان ۋە ئۆچۈرۈۋېتىلگەن مەزمۇنلارنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان يۇمشاق دېتاللار خېلى كۆپ. مەسىلەن: ·FinalData ·EasyRecovery ·R-Studio ·LostFound 江民数据恢复王 قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ خالىغان بىرىنى ئىشلىتىپ يوقاپ كەتكەن ھۆججەتلىرىڭىزنى تاپالايسىز. تۆۋەندە FinalData نى مىسال قىلىپ كۆرەيلى.

يۇمشاق دېتالنى قوزغاتقاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ھۆججەت(File) تىزىملىكىدىكى ئېچىش(Open) بۇيرۇقىنى بېسىپ فورماتلىنىپ كەتكەن رايوننى تاللايمىز.




ئاندىن Find Format كۇنۇپكىسىنى باسساق ئىزدەش دائىرىسى

كۆزنىكى كۆرۈنىدۇ.




كۆزنەكتىن OK كۇنۇپكىسىنى باسساق ئىزدەشنى باشلايدۇ ھەم ئىزدەپ بولغاندىن كېيىن ئاساسىي كۆزنەكتە تاپقان ھۆججەت ۋە مۇندەرىجىلەرنىڭ تىزىملىكىنى كۆرسىتىدۇ.




ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان مۇندەرىجە ياكى ھۆججەتنىڭ ئۈستىدە مائۇس ئوڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ Recover بۇيرۇقىنى تاللىغاندىن كېيىن ساقلىنىدىغان ئورۇننى كۆرسىتىپ قويساقلا ئەسلىگە كېلىدۇ.

دىققەت: ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ئورۇننى باشقا رايونغا كۆرسىتىڭ.

بۇ يۇمشاق دېتاللاردا يوقاپ كەتكەن ھەرقانداق ھۆججەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ ـ دەپ، كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، فورماتلىنىپ بولغاندىن كېيىن قايتىدىن نۇرغۇن ھۆججەتلەر كۆچۈرۈلگەن ياكى سىستېما قاچىلانغان، فىزىكىلىق بۇزۇلغان رايون ۋە دىسكىلارنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.

**✦سوئال: كومپيۇتېرىمنىڭ قاتتىق دىسكىسىنى ئاغىنەمنىڭ كومپيۇتېرىغا چېتىپ قوزغاتسام نورمال قوزغالماي كۆك ئېكران بولۇپ قالدى. لېكىن بىخەتەر(安全模式) ھالەتتە قوزغىلىدۇ. بىراق ئۆيگە ئەكىلىپ كومپيۇتېرىمغا سېلىپ قوزغاتسام نورمال. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ (يەكەن ناھىيىلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش گورۇپپىسىدىن تۇرسۇنجان سۇلايمان)**

جاۋاب: Windows نى قاچىلىغاندا كومپيۇتېردىكى قاتتىق دېتاللارنى ئىزدەپ، ئەڭ ياخشى ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرغان ھالەتتە پارامېتىرلىرىنى ھۆججەتكە ساقلاپ قويىدۇ. قاتتىق دىسكىنى باشقا كومپيۇتېرغا يۆتكىگەندە ئىككى كومپيۇتېرنىڭ قاتتىق دېتال سەپلىمىسى ئوخشىمىغاچقا ھۆججەتكە ساقلاپ قويغان پارامېتىرلار ماس كەلمەيدۇ ـ دە، كۆك ئېكران چىقىۋالىدۇ. بىخەتەر ھالەتتە بولسا ھۆججەتكە ساقلانغان ئەڭ يۇقىرى ئىقتىدار پارامېتىرلىرىنى ئىشلەتمەستىن، كومپيۇتېردىكى قاتتىق دېتاللارنىڭ ئەڭ تۆۋەن ھالەتتىكى ئىقتىدار كۆرسەتكۈچلىرىنى ئىشلىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىخەتەر ھالەتتە قوزغاتقاندا قاتتىق دېتال سەپلىمىسى ئوخشىمىسىمۇ كۆپىنچە كومپيۇتېردا قوزغاتقىلى بولىدۇ.

**✦سوئال: كومپيۇتېرىمنى قوزغالغاندىلا مەخپىي نومۇر سورايدىغان قىلىپ تەڭشەپ قويغان. مەخپىي نومۇرنى ئادەتتە كۇنۇپكا تاختىسىدىكى كىچىك كۇنۇپكا رايونىدىن كىرگۈزىمەن. بىراق ھەر قېتىم ئالدى بىلەن NumLock كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتكەندىن كېيىن نومۇر كىرگۈزۈشنى قوللايدىغان قىلغاندىن كېيىن ئاندىن كىچىك كۇنۇپكا رايونىدىن نومۇر كىرگۈزگىلى بولىدۇ. ھەر قېتىم بۇ كۇنۇپكىنى باسمىسىمۇ بىۋاسىتە نومۇر كىرگۈزىدىغان قىلغىلى بولامدۇ؟ (ئاقسۇ ئاۋاتتىن يۈسۈپ ھاشىم)**

جاۋاب: كومپيۇتېرنى قوزغاتقاندىن CMOS تىزىملىكىگە كىرىپ، ئاندىن Advanced BIOS Features دېگەن تۈرگە كىرىپ ئىچىدىكى Boot Up Num Lock Status نىڭ قىممىتىنى Enabled قىلىپ تەڭشىگەندىن كېيىن ساقلاپ چېكىنسىڭىز، كومپيۇتېر قوزغالغاندا بىۋاسىتىلا سانني كىرگۈزگىلى بولىدۇ.

**✦سوئال: يېقىندا USB ئېغىزلىق كۇنۇپكا تاختىسىدىن بىرنى سېتىۋالغان ئىدىم. بىراق كومپيۇتېرغا ئۇلاپ پەقەتلا ئىشلىتەلمىدىم. كۇنۇپكا تاختىسى بۇزۇق ئوخشايدۇ ـ دەپ ئويلاپ سېتىۋالغان ئورۇنغا ئاپارسام شۇ ئورۇندىكى كومپيۇتېردا ناھايىتى ياخشى ئىشلىدى. بۇ زادى قانداق ئىش؟ (ئاقسۇ ئاۋاتتىن يۈسۈپ ھاشىم)**

جاۋاب: بۇ CMOS تىزىملىكىدىن USB كۇنۇپكا تاختىسىنى قوللاش تۈرىنىڭ ئېچىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن CMOS تىزىملىكىگە كىرىپ Integrated Peripherals دېگەن تۈردىن Assign IRQ For USB ·USB Conteroller ·OnChip USB قاتارلىق تۈرلەرنىڭ قىممىتىنى Enabled قىلىپ تەڭشەڭ ھەم PNP OS Installed دېگەن تۈرنىڭ قىممىتىنى YES كە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن ساقلاپ چېكىنسىڭىز نورمال ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**✦سوئال: يېقىندا USB ئېغىزلىق سكەننېردىن بىرنى سېتىۋالغان ئىدىم. سېتىۋالغان ئورۇندا سىناق قىلغاندا سكەننېرلەش سۈرئىتى ناھايىتى تېز ئىدى. بىراق ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ كومپيۇتېرىمغا ئۇلاپ ئىشلەتسەم سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك ئاستىلاپ كەتتى. مەسىلە بارمىكىن دېسەم ناھايىتى ياخشى خىزمەت قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ (كومپيۇتېرىمنىڭ ئاساسىي تاختىسى i810E ئۆزەكلىك، بىر تەرەپ قىلغۇچى Pentium III 1000MHz، ئىچكى ساقلىغۇچى 256MB)**

جاۋاب: كومپيۇتېرىڭىزنىڭ سەپلىمىسىدىن قارىغاندا ئاساسىي تاختا قوللايدىغان USB ئېغىزى USB1.0 ئۆلچەمدە بولۇپ، سېتىۋالغان سكەننېر USB2.0 ئۆلچەمدە ئىكەن. گەرچە سكەننېرنىڭ سۈرئىتى تېز بولسىمۇ كومپيۇتېردىكى ئۇچۇر قوبۇل قىلىش ئېغىزىنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولغاچقا سكەننېر سانلىق مەلۇماتنى كومپيۇتېرغا تېز سۈرئەتتە يەتكۈزەلمەسلىك سەۋەبىدىن ئاستىلىغان.

ئەگەر كومپيۇتېرىڭىزغا USB2.0 نى قوللايدىغان ئۆلچىنىش ئېغىزى قوشماقچى بولسىڭىز بازاردىن USB2.0 نىڭ كېڭەيتىلگەن كارتىسىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ كومپيۇتېرىڭىزغا ئورۇنلاشتۇرسىڭىز بولىدۇ. بۇنىڭدا كومپيۇتېرىڭىزدىكى USB ئېغىزىمۇ كۆپىيىدۇ.

# يۇمشاق دېتالدىن سوئال - جاۋابلار

✦سوئال: مەندە ئائىلىمىزنىڭ تۆت - بەش يىللىق ھېيت - بايرام، توي خاتىلىرى ساقلانغان سىنئالغۇ لىنتىسى بار ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۈپىتى ناچارلىشىپ كېتىپتۇ. شۇڭلاشقا ئۇپىتنىڭ دىسكىغا VCD قىلىپ كۆچۈرۈپ قويۇشنى ئويلاپ، كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈش جەريانىدا كېرەكسىز جايلىرىنى قىسقارتىۋەتكەنىدىم. شۇنىڭ بىلەن بەك كۆپ كۆرۈنۈش ھۆججەتلىرىگە پارچىلىنىپ كەتتى. بىراقلا Premiere دا قىسقارتاي دېسەم قايتىدىن پىرىسلاشقا بەك كۆپ ۋاقىت كېتىدىكەن. مۇشۇنداق پارچە - پارچە كۆرۈنۈش ھۆججەتلىرىنى(MPG شەكلىدە پىرىسلانغان) بىۋاسىتىلا ئۇلايدىغان ئۇسۇل بارمۇ؟ (مارالبېشى ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدىن ئەمەت ئەخەت)

جاۋاب: 超级解霸 نى تولۇق قاچىلىسىڭىز نۇرغۇن قوشۇمچە پروگراممىلارنىمۇ قاچىلاپ قويىدۇ. شۇ پروگراممىلارنىڭ ئىچىدە MPEG文件合并 دېگەن بىر تۈر بار. شۇ تۈرنى قوزغىتىپ كۆزنەكتىكى ھۆججەت قوشۇش(添加文件) بۇيرۇقى ئارقىلىق پارچە كۆرۈنۈش ھۆججەتلىرىنى تەرتىپى بويىچە تاللاڭ. ئاندىن قايسى ھۆججەتكە ساقلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن بىرلەشتۈرۈشنى باشلاش (开始合并) كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز بولىدۇ.




ياكى بولمىسا All Video Joiner ،Easy Video Joiner دېگەندەك مەخسۇس يۇمشاق دېتال ئارقىلىق بىرلەشتۈرسىڭىزمۇ بولىدۇ. (بۇ يۇمشاق دېتاللاردىمۇ ئوخشاشلا ئالدى بىلەن Add كۇنۇپكىسى بىلەن ئۇلىماقچى بولغان ھۆججەتلەرنى تەرتىپ بويىچە كىرگۈزىسىز. ئاندىن Join كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىزلا بولىدۇ. بۇ يۇمشاق دېتاللار MPG، AVI قاتارلىق نۇرغۇن ھۆججەتلەرنى قوللايدۇ.)

مۇناسىۋەتلىك تور بېكەت ئادرېسلىرى:

http://www.DoEasier.org
http://www.zealotsoft.net

ئەگەر بۇ يۇمشاق دېتاللارنى تېپىش ئىمكانىيىتى بولمىسا ھەم جىددىي ئۇلاشقا توغرا كەلگەندە DOS دىكى ھۆججەت كۆچۈرۈش بۇيرۇقى Copy نى ئىشلىتىپ ئۇلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: سىزنىڭ ئۇلىماقچى بولغان ھۆججەتلىرىڭىزنىڭ نامى 1.mpg، 2.mpg، 3.mpg بولسا تۆۋەندىكىدەك بۇيرۇقنى بېرىمىز.

```
Copy 1.mpg/b+2.mpg/b+3.mpg/b  all.mpg/b
```

بۇنىڭدىكى + بەلگىسى ئالدى كەينىدىكى ھۆججەتلەرنى تەرتىپ بويىچە ئۆز - ئارا قوشۇپ ئەڭ كەينىگە يېزىلغان ھۆججەت نامىدا ئۇلايدىغانلىقىنى، b/ بەلگىسى بولسا شۇ ھۆججەتنىڭ ئىككىلىك سىستېمىدىكى ھۆججەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

دىققەت: بۇيرۇق شەكلىدە كۆچۈرۈش ئۇسۇلى پەقەت MPG ۋە DAT ھۆججەتلىرىگىلا ئىشلەيدۇ. باشقا خىل كۆرۈنۈش ھۆججەتلىرىنى ئۇلاشتا ئالدىنقى ئىككى خىل ئۇسۇلنى ئىشلىتىڭ.

✦سوئال: فىلىم تەھرىرلەش يۇمشاق دېتالى Premiere دا كۆرۈنۈش ئۈستىگە خەت چىقىرىش ئۈچۈن چىرايلىق لايىھەلەپ تەييار قىلىنغان خەت ھۆججىتىنى كىرگۈزگەندە خەتنىڭ كەينىدە ئاق رەڭ چىقىپ كۆرۈنۈشنى توسۇۋالىدىكەن. فىلتىرلەش ئىقتىدارى ئارقىلىق ئاق رەڭنى سۈزۈۋەتكىلى بولسىمۇ لېكىن تەڭشەش تەس ئىكەن. بىر ئاز چوڭ بولۇپ كەتسىلا خەتنىڭ ئىچىدىكى ئاق رەڭنى سۈزۈۋېتىكەن. مۇشۇنداق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىرەر ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى بارمۇ؟ (ئۈرۈمچىدىن غوپۇر ئىمىن)

جاۋاب: قارىغاندا سىز خەتنى Photoshop قاتارلىق رەسىم تەھرىرلەش يۇمشاق دېتاللىرىدا ئىشلەپ، ئاندىن Premiere غا رەسىم شەكلىدە كىرگۈزگەن ئوخشايسىز. بۇنداق بولغاندا خەتلەرمۇ رەسىمگە ئۆزگىرىپ كېتىدىغان بولغاچقا، رەڭ سۈزگەندە خەتنىڭ ئىچىدىكى رەڭلەرمۇ سۈزۈلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا ئەڭ ياخشىسى Premiere ئۆزىدىكى خەت كىرگۈزۈش(Title) قورالى ئارقىلىق كىرگۈزۈڭ. بۇنداق بولغاندا ھېچقانداق سۈزۈش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارمىسىڭىزمۇ خەت تەبىئىيلا ئۆزى سۈزۈلۈپ چىقىدۇ.



ئۇنىڭدىن باشقا خەت يېزىش كۆزنىكىدىكى Templates كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز نۇرغۇن تەييار بېزەلگەن يېزىق قېلىپلىرىنىمۇ ئىشلىتەلەيسىز.




ئەگەر چوقۇم رەسىم ھالىتىدە كىرگۈزۈشكە توغرا كەلسە ھەم ناھايىتى تولۇق سۈزۈشنى ئويلىسىڭىز يېزىقنى بېزەپ بولغاندىن كېيىن، سۈزۈلىدىغان ئورۇننى قارا، سۈزۈلمەيدىغان ئورۇننى ئاق رەڭدە، ياكى سۈزۈلىدىغان ئورۇننى ئاق، سۈزۈلمەيدىغان ئورۇننى قارا رەڭدە قىلىپ، رەڭسىز رەسىمدە(Photoshop دىكى 位图 ياكى 灰度 شەكلىدە) ساقلايسىز. بۇ ۋاقىتتا سىزدە مەزمۇنى ئوخشاش بولغان بېزەلگەن رەسىم بىلەن رەڭسىز رەسىم بار بولىدۇ.




ئاندىن Premiere دا بېزەلگەن رەسىمنى كىرگۈزگەندىن كېيىن، شۇ رەسىم ئۈستىدە فىلتىرلەش كۆزنىكىگە كىرىپ ImageMatte شەكلىدە فىلتىرلەشنى تاللايسىز. ئاندىن سول تەرەپ ئۈستىدىكى Choose دېگەن كۇنۇپكىنى بېسىپ يۇقىرىدا ھاسىل قىلغان رەڭسىز رەسىمنى تاللىسىڭىز قارا رەڭلىك دائىرە پۈتۈنلەي سۈزۈۋېتىلىدۇ. ئەگەر ئاق رەڭلىك دائىرىنى سۈزمەكچى بولسىڭىز ئوڭ تەرەپتىكى Reverse Key نى تاللاڭ.




ئاندىن جەزملەشتۈرۈش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، ئاساسىي كۆزنەككە كىرگەندىن كېيىن كۆرۈنۈشنى چىقارسىڭىز خېتىڭىزنى ناھايىتى تولۇق سۈزۈلگەنلىكىنى بايقايسىز.



بۇ ئۇسۇلنى باشقا كۆرۈنۈشلەرنى سۈزۈشكە ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

✦ سوئال: كىنو ۋە باشقا تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئاخىرلاشقاندا ئىشلىگۈچى خادىملارنىڭ ئىسىملىكلىرى ئاستىدىن ئۈستىگە سۈرۈلۈپ كۆرۈنىدىكەن. مۇشۇنداق ئۈنۈمنى **Premiere** دا قانداق قوشىدۇ؟ (ئۈرۈمچىدىن غوپۇر ئىمىن)

جاۋاب: Premiere نىڭ ھۆججەت(File) تىزىملىكىدىكى يېڭىدىن قۇرۇش(New) دىن Title بۇيرۇقىنى باسسىڭىز مەخسۇس خەت كىرگۈزۈش كۆزنىكىگە كىرىسىز. خەتنى كىرگۈزۈشتىن ئىلگىرى كۆزنەكنىڭ سول تەرەپ ئۈستىدىكى يېزىق تىپى(Title Type) دېگەن تۈرنى تاللاڭ. بۇ ۋاقىتتا ئاستىدىكى خەت يېزىش ئورنىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تىك يۆنىلىشلىك سۈرۈش تالچىسى كۆرۈنىدۇ. بۇ تىك يۆنىلىشتە كۆپ قۇر خەت يېزىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سىز بۇ ئورۇنغا ئاستىدىن ئۈستىگە ماڭىدىغان خەتلەرنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ساقلاپ چېكىنىسىز.



ئاندىن يۇقىرىدا قۇرغان خەت ھۆججىتىنى مەلۇم يولغا قويسىڭىزلا ئاستىدىن ئۈستىگە ماڭىدىغان خەت پۈتكەن بولىدۇ. خەتنىڭ سۈرئىتىنى ۋاقىت يولىغا قويۇلغان شۇ خەت ھۆججىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى تەڭشەش ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.



**✦سوئال: مەن ئاساسلىق ماتېرىيال بېسىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىمەن. كومپيۇتېرىمغا WINDOWS ME مەشغۇلات سىستېمىسى ۋە OFFICE XP يېزىق بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتالى قاچىلانغان. كومپيۇتېرىم ئىككى ئايدىن بويان نورمال خىزمەت قىلىۋاتاتتى. لېكىن نەچچە كۈن بولدى، ھەرقېتىم كېسىپ چاپلاش مەشغۇلات(复制/粘贴) مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغىنىمدا پەقەت «Hello!» دېگەن خەتلا چىقىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. نىمە سەۋەبتۇ؟ قانداق قىلسام ئوڭشىلار؟ (چىرا ناھىيە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن ئەكبەر يۇنۇس)**

جاۋاب: قارىغاندا كومپيۇتېرىڭىز ماكروۋىرۇس (宏病毒) بىلەن يۇقۇملىنىپتۇ. يېڭى نەشىردىكى ۋىرۇس يۇقتىش پروگراممىسى بىلەن تازىلاڭ. ياكى بولمىسا كومپيۇتېردىكى بارلىق dot.* ھۆججەتلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ھەممىسىنى ئۆچۈرىۋېتىڭ. (ئۆزىڭىزنىڭ قېلىپ ھۆججەتلىرى dot.* لىرىنى زاپاس ساقلاپ قويۇشنى ئۇنۇتماڭ)

**✦سوئال: ئوڭ تەرەپكە ئۇيغۇرچىنى، ئوتتۇرىغا پىنيىننى، سول تەرەپكە خەنزۇچىنى تىزىش ئۈچۈن WORD دا قانداق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش كېرەك؟ (ئاقتۇ ناھىيە بۇلۇڭكۆل ئوتتۇرا مەكتەپتىن جارمامبەت ھسامىدىن)**

جاۋاب: ئۈچ ئىستونغا بۆلۈنگەن جەدۋەلگە يازسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| مەكتەپ | xuéxiào | 学校 |
| كومپيۇتېر | diànnăo | 电脑 |

ئاندىن جەدۋەل سىزىقلىرىنى كۆرۈنمەيدىغان قىلىپ قويۇڭ.

**✦سوئال: كومپيۇتېرىمغا بۇرۇن windows98 نى قاچىلاپ، ئەلكاتىپ 2.7 نى ئىشلەتسەم نورمال ئىشلەيتتى، لېكىن ھازىر windows2000 قاچىلىغاندىن كېيىن ئىشلەتكىلى بولمايۋاتىدۇ. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ (ئۈرۈمچى شەھەر 20-ئوتتۇرا 3-يىللىق 3-سىنىپتىن ئىليار)**

جاۋاب: ئەلكاتىپنىڭ 2.7 نۇسخىسىنى پەقەت Windows98/ME مەشغۇلات سىستېمىسىغىلا قاچىلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. Windows2000/XP/2003 مەشغۇلات سىستېمىلىرىدا ئەلكاتىپنىڭ 3.0 ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى نەشرلىرىنى قاچىلاش كېرەك. ئەگەر تېخىمۇ تەپسىلىي ئۇچۇرغا ئىگە بولماقچى بولسىڭىز www.uighursoft.com نى زىيارەت قىلىڭ.

**✦سوئال: VCD پىلاستىنكىسىنى كومپيۇتېردا ئاچساق MPEG، VCD قاتارلىق بەش دانە مۇندەرىجە كۆرۈنىدىكەن. بىز پەقەت MPEG مۇندەرىجىسىدىكى ھۆججەتلەرنى كومپيۇتېرغا كۆچۈرۈپ قويساقمۇ نورمال كۆرۈنىدىكەن. قالغان تۆت دانە مۇندەرىجىدىكى مۇندەرىجە نېمىگە ئىشلەيدۇ؟ (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە فاكۇلتېتى 2000-يىللىق 3-سىنىپتىن ئابدۇقەييۇم ئابدىرېھىم)**

جاۋاب: بۇلار VCD پىلاستىنكىسىنىڭ ئۆلچەمدە بېكىتىلگەن مۇندەرىجىلەر بولۇپ، مۇشۇ مۇندەرىجىلەر تولۇق بولغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي ئۆلچەملىك VCD پىلاستىنكىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئارىسىدىكى مەلۇم مۇندەرىجە كەم بولسا بەزى بۇرۇنقى VCD قويغۇچلار قويالمايدۇ. MPEG ئىچىدىكىسى MPG1 ئۆلچىمىدە پىرىسلانغان ھۆججەتلەر بولۇپ، كومپيۇتېرغا كۆچۈرىۋالغىلى ھەم كۆپ ۋاستە قويغۇچ ئارقىلىق كۆرگىلى بولىدۇ.

**✦سوئال: ئۆيۈمدىكى كومپيۇتېر تورغا ئۇلانغان بولغاچقا نۇرغۇن RM ۋە WMV شەكلىدىكى ناخشىلارنى چۈشۈرىۋالىمەن. بۇنداق ھۆججەتلەرنىڭ سىغىمى بەكلا كىچىك بولغاچقا قاتتىق دىسكا سىغىمىنى ئىگىلىمەيدىكەن. شۇڭلاشقا ئۆزۈمدە ئەسلىدىلا بار بولغان نۇرغۇن MP3 ھۆججەتلىرىنىمۇ RM شەكلىگە ئايلاندۇرىۋالغاندىم. ئەمما بۇ ھۆججەتلەرنى پەقەت RealPlayer ئارقىلىقلا قويغىلى بولغاچقا بەكلا ئەپسىز بىلىندى. قانداق قويغۇچنى قاچىلىغاندا بۇنداق ھۆججەتلەرنى قويغىلى بولىدۇ؟ (شىنجاڭ ئېلىكتىر كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتوتى ئۇچۇر باشقۇرۇش فاكۇلتېتىدىن خۇدا بەردى ئابلىز)**

جاۋاب: ھازىر كۆپ ۋاستە قويغۇچ يۇمشاق دېتاللىرى ناھايىتىمۇ كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا كۆپىنچىسىدە RM ۋە WMV ھۆججەتلىرىنى قوللاش ئىقتىدارلىرى قوشۇلغان. مەسىلەن، 超级解霸 نى قاچىلاش جەريانىدا مەخسۇس ئاۋاز قويۇش پروگراممىسى 超级音霸 نىمۇ بىرلىكتە قاچىلايدۇ. بۇ يۇمشاق دېتال تېپىش ئوڭاي، ئىشلىتىشمۇ ناھايىتى ئوڭاي.ئۇنىڭدىن باشقا سىغىمى ۋە سىستېمىنى ئىگىلەش نىسبىتىمۇ كىچىك بولغان foobar2000 يۇمشاق دېتالىمۇ ناھايىتى ياخشى.

تور بېكەت ئادرېسى:

http://www.foobar2000.org

**✦سوئال: يېقىندا بىر پارچە كىتاب تەرجىمە قىلغان ھەم ئۇنى WORD دا بېسىپ چىققان. بىراق نەشرىيات ئورۇنلىرىغا تاپشۇرغان ۋاقتىمدا نەشرىيات ئورۇنلىرىدا سەنلى(三立) ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى، ئۇ پروگراممىنىڭ WORD نى تونىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. سەنلى دېگەن قانداق پروگرامما؟ قانداق قىلغاندا WORD نى سەنلىدىمۇ قوللايدىغان قىلغىلى بولىدۇ؟ (قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتىن توختىھاجى يۇنۇس)**

جاۋاب: سەنلى دېگەن بۇرۇنقى DOS مەشغۇلات سىستېمىسىدا ئىشلەيدىغان مەتبەئە سىستېمىسى. ئۇنىڭدا كىتاب بەتلىرى Word قا ئوخشاش كۆرۈنۈشلۈك لايىھەلەنمەستىن، بۇيرۇق شەكلىدە لايىھىلىنىدۇ. ئۇ پەقەت ساپ تېكىست ھۆججىتىنىلا قوللايدىغان بولغاچقا، Word ھۆججىتىگە ئوخشاش قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ھۆججەتنى تونىمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئىككى يۇمشاق دېتالدا ئۇيغۇرچە ھەرپلەرنىڭ نومۇرىمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇڭلاشقا Word ھۆججىتىنى ساپ تېكىست ھۆججىتىگە، ھەرپلىرىنى سەنلىدا تونۇيدىغان ماس ھەرپلەرگە ئالماشتۇرغاندىلا ئاندىن تونۇتقىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە ئۇيغۇرسوفت شىركىتىنىڭ كود ئالماشتۇرۇش يۇمشاق دېتالىدا Word ھۆججىتىنى سەنلىگە، سەنلى ھۆججىتىنى Word غا تونۇتقىلى بولىدۇ. بىراق، بۇنىڭدا ئەسلىدە Word دا لايىھەلەنگەن كىتاب بەتلىرى پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىپ، پەقەت يېزىقلارلا قېلىپ قالىدۇ. بۇنى قايتىدىن سەنلىدە بەت تىزىشقا توغرا كېلىدۇ. گەرچە بۇ ئاۋارىچىلىق بولسىمۇ، لېكىن بارلىق مەزمۇنني قايتىدىن كىرگۈزگەنگە قارىغاندا كۆپ قولايلىق. مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى كۆرمەكچى بولسىڭىز www.uighursoft.com نى زىيارەت قىلىڭ.

**✦سوئال: ھازىر ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر ئۇنىۋان ئېلىش ۋە باشقا مۇھىم خىزمەتلەرنى بېجىرىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان جەدۋەللەرنى تولدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ جەدۋەللەرنى كۆپەيتىپ ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ ھەم ناھايىتى سىيەتلىك تولدۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كومپيۇتېردا شۇنىڭغا ئوخشاش جەدۋەلدىن بىرنى سىزىۋېلىپ، مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى**

كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، جەدۋەل سىزىقلىرىنى كۆرۈنمەيدىغان قىلىپ تەڭشەپ جەدۋەل قەغىزىگە بېسىپ چىققاندا ناھايىتمۇ سۈپەتلىك چىقىدىكەن. بىراق كومپيۇتېرغا سىزىلغان جەدۋەلدىكى بەزى كاتەكچىلەرنىڭ كەڭلىك-ئېگىزلىكلىرىنى ئەسلىدىكى جەدۋەل بىلەن ئوخشاش چىقىرىش بىر قەدەر تەس ئىكەن. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئەشۇ كاتەكچىلەرنىڭ كەڭلىك-ئېگىزلىكلىرىنى ئېنىق ئۆلچەپ چىققىلى بولمايدىكەن(قانچە سانتىمېتىر كېلىدىغانلىقىنى). شۇنىڭغا ئوخشاش كاتەكچىلەرنى ئۆلچەيدىغان ئوگاي ئۇسۇل بارمۇ؟ (قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتىن توختىھاجى يۇنۇس)

جاۋاب: جەدۋەلنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن مائۇس ئارقىلىق كەڭلىك-ئېگىزلىكىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان كاتەكچىنى تاللاڭ. ئاندىن جەدۋەل(表格) تىزىملىكىدىكى جەدۋەل خاراكتېرى(表格属性) بۆيرۇقىنى بېسىڭ. بۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭلۇقى(尺寸) دېگەن تۈرنىڭ ئالدىغا بەلگە قويسىڭىز كەينىدىكى سان توشقۇزىدىغان كاتەكچە يورۇيدۇ. شۇ كاتەكچىلەرگە بىۋاسىتە سانتىمېتىر ئۆلچىمىدە كەڭلىك ۋە ئېگىزلىكىنى توشقۇزسىڭىزلا بولىدۇ. ئەگەر تەڭشىمەكچى بولغىنىڭىز پەقەت قۇرنىڭ ئېگىزلىكىلا بولسا كۆزنەكتىكى قۇر(行) تۈرىنى تاللاپ توشقۇزۇڭ. پەقەت ئىستون كەڭلىكىنىلا تەڭشىمەكچى بولسىڭىز ئىستون(列) تۈرىنى تاللاپ توشقۇزۇڭ. پەقەت مەلۇم كاتەكچىنىڭ كەڭلىكىنىلا تەڭشىمەكچى بولسىڭىز كاتەكچە(单元格) دېگەن تۈر ئىچىدىن توشقۇزۇڭ. (ئېگىزلىكى شۇ كاتەكچى تۇرغان قۇر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەچكە تەڭشىگىلى بولمايدۇ، تەڭشەش ئۈچۈن قۇرنىڭ ئېگىزلىكىنى تەڭشىسىڭىز بولىدۇ).




ئەگەر بۇنداق بېكىتىشنى تەسكەن دەپ قارىسىڭىز، Word كۆزنىكى ئىچىدە كونۇپكا تاختىسىدىن Alt كونۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ مائۇس ئىسترېلكىسى ئارقىلىق جەدۋەل ۋە كاتەكچىنىڭ قىرلىرىنى ئوڭ-سول، ئاستى-ئۈستىگە يۆتكىسىڭىز بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كۆزنەكتىكى سىزغۇچتە شۇ كاتەكچىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. تەڭشەش تولىمۇ قولايلىق.




ئەسكەرتىش: ئەگەر كۆزنەكتىكى ۋە سىزغۇچ ئۈستىدىكى بىرلىكلەر چېكىت(象素)، ھەرپ(字符) شەكىللىرىدە چىقىۋالسا قورال(工具) تىزىملىكىدىكى تاللاش(选项) كۆزنىكىگە كىرىڭ. ئاندىن 常规 تۈرىدىكى ئۆلچەم بىرلىكى(度量单位) تىزىملىكىدىن سانتىمېتىر(厘米) نى تاللاڭ ھەم ئاستىدىكى ھەرپ بىرلىكىنى ئىشلىتىش(使用字符单位) دېگەن تۈرنىڭ ئالدىدىكى تاللاشنى ئۆچۈرىۋېتىڭ.




✦سوئال: كومپيۇتېرىمغا ۋىرۇس تازىلاش يۇمشاق دېتالى قاچىلاپ كومپيۇتېرنىڭ ھەممە دىسكىسىنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، E دىسكىغا بۇرۇن كۆچۈرۈپ قويغان يۇمشاق دېتالنى قاچىلاي دېسەم قاچىلانمىدى. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ (يەكەن ناھىيىلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى گۈزەلپەرەستتىن تۇرسۇنجان سۇلايمان)

جاۋاب: ئەھۋالدىن قارىغاندا سىزنىڭ E دىسكىغا ساقلاپ قويغان يۇمشاق دېتالىڭىزنىڭ قاچىلاش پروگراممىسىغىمۇ ۋىرۇس يۇقۇپتۇ. ۋىرۇس ئۆلتۈرۈش يۇمشاق دېتاللىرى بەزى ۋىرۇسلارنى ئۆلتۈرگەن ۋاقىتتا سانلىق مەلۇماتنىڭ توغرا بولماسلىقى سەۋەبىدىن پروگراممىنىمۇ بۇزۇپ قويىدۇ. (بۇنداق ئەھۋال كۆپرەك بىر پروگراممىغا بىرقانچە ۋىرۇس تەگلا يۇققاندا كۆپرەك ئۇچرايدۇ) شۇ سەۋەبتىن ساقلاپ قويغان پروگراممىڭىز قاچىلانمىغان.

ئېكران يۈزىدە مائۇسنىڭ ئوڭ كونۇپكىسىنى بېسىپ، كۆرۈنگەن تىزىملىكتىكى ئايكونلارنى تىزىش(排列图标) ئىچىدىن ئېكران يۈزىدىكى ئايكونلارنىڭ كۆرسىتىش(显示桌面图标) دېگەن تۈرنى بىر قېتىم بېسىۋەتسەك ئېكران يۈزىدىكى بارلىق ئايكونلار دەرھاللا يوشۇرۇن بولۇپ كېتىدۇ. يەنە بىر قېتىم باسساق ھەممىسى پەيدا بولىدۇ.





# مەشغۇلات سىستېمىسىدىن سوئال - جاۋابلار

✦سوئال: بۇرۇن Windows نىڭ يۇقىرى نەشرى قاچىلانغان كومپيۇتېرغا تۆۋەن نەشرىنى قاچىلىغىلى بولمايدۇ.-دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان. لېكىن يېقىندا كومپيۇتېرىمغا Windows2000 نى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن، كومپيۇتېرنى قايتىدىن قوزغىتىپ Windows98 نى قاچىلىسام نورمال قاچىلاندى. بۇ قانداق ئەھۋال؟ (ئۈرۈمچىدىن غۇپۇر ئىمىن)

جاۋاب: مۇندەرىجە نامىنى ئوخشىمايدىغان قىلىپ قاچىلىسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، Windows2000 نى قاچىلىغاندا WinNT دېگەن مۇندەرىجىگە قاچىلايدۇ. Windows98 نى نورمال ئەھۋالدا Windows دېگەن مۇندەرىجىگە قاچىلايدۇ. ئىككى مۇندەرىجىنىڭ نامى ئوخشىمايدىغان بولغاچقا نورمال قاچىلانغان. WindowsXP نى بولسا بىۋاستە Windows دېگەن مۇندەرىجىگە قاچىلايدۇ. (ھازىر بازاردىكى نۇرغۇن قانۇنسىز كۆچۈرۈلگەن دىسكىلاردا ئاپتوماتىكلا Windows دېگەن مۇندەرىجىگە قاچىلايدىغان قىلىپ بېكىتىۋېتىلگەن. ئەگەر ئۆزىڭىز تاللاپ قاچىلايدىغان نۇسخىسى بولسا قاچىلاش مۇندەرىجىسىنى ئۆزگەرتەلەيسىز.)

Windows98 نى قاچىلاش جەريانىدا مۇندەرىجە نامىنى ئۆزگەرتمەستىن Windows دېگەن ئىسىمدا قاچىلىسىڭىز WindowsXP بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ، نورمال قاچىلىغىلى بولماي قالىدۇ. شۇڭلاشقا مۇندەرىجە نامىنى ئوخشىمايدىغان قىلىپ قاچىلاشنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك.

ئەگەر Windows2000/XP لار NTFS ھالىتىدە قاچىلانغان بولسۇپ، كەينىدىن Windows98 قاچىلىسىڭىز Windows2000/XP لار قاچىلانغان NTFS رايونىنى كۆرەلمەيسىز. ئەگەر كۆرمەكچى بولسىڭىز NTFS for Windows98 دېگەن يۇمشاق دېتالنى قاچىلىسىڭىز بولىدۇ.

✦سوئال: Windows مۇندەرىجىسىدىكى System32 دېگەن مۇندەرىجىدە Folder.htt ۋە Desktop.ini دېگەن ئىككى ھۆججەت بار ئىكەن. بۇ ئىككى ھۆججەت ئوڭايلا ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىپ، بىز كۆرگەنلا مۇندەرىجىنىڭ ئىچىدە پەيدا بولىدىكەن. بۇ ئىككى ھۆججەتنى ۋىرۇس-دەپ قاراشقا بولامدۇ؟ بۇلارنى نېمە ئۈچۈن KV3000 دە ئىزدىگەندە تاپالمايدۇ؟ (پەيزاۋات ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىن ئابدۇكېرىم ئابباس)

جاۋاب: بۇ ئىككى ھۆججەت ئەمەلىيەتتە Windows مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ مۇندەرىجە خاراكتېرىنى بېكىتىدىغان ھۆججەت بولۇپ، مۇندەرىجىلەرنى ھەرخىل شەكىلدە بىرەپ كۆرسىتىشتە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىككى ھۆججەت مۇشۇنداق خاراكتېر بېكىتىلگەن مۇندەرىجىلەرگە قورۇلۇپ، ھەر قېتىم شۇ مۇندەرىجىنى ئاچقاندا ھۆججەت ئىچىدىكى بۇيرۇق قۇرلىرى ئىجرا بولغاندىن كېيىن، مۇندەرىجىنى ھەرخىل شەكىلدە كۆرسىتىش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ. ۋىرۇس تۈزگۈچىلەر بۇ ئىككى ھۆججەتنىڭ دەل مۇشۇ خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاپتوماتىك كۆپىيىدىغان بەختلىك مىنۇتلار(欢乐时光) دېگەن ۋىرۇسنى ياساپ چىققان. بۇ ۋىرۇس ئادەتتە سىستېمىنىڭ نېگىزلىك ھۆججىتىگە يۇقىدۇ ھەم مۇشۇ ئىككى ھۆججەتتىن پايدىلىنىپ كۆپىيىش مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شۇڭلاشقا كومپيۇتېردىكى بارلىق Folder.htt ۋە Desktop.ini ھۆججىتىنى ئۆچۈرىۋەتسەكمۇ، يەنە داۋاملىق پەيدا بولىۋېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم نېگىزلىك ھۆججەتتىكى ۋىرۇس پروگراممىسىنى ئۆچۈرىۋېتىش كېرەك. نېمە ئۈچۈن KV3000 دە تاپقىلى بولمايدىغانلىقىغا كەلسەك، KV3000 دېگەن ۋىرۇس ئۆلتۈرۈش يۇمشاق دېتالى «بەختلىك مىنۇتلار» دېگەن ۋىرۇستىن بۇرۇن چىققان بولغاچقا بۇ ۋىرۇسنى تونىيالمايدۇ. شۇڭلاشقا يېڭى نەشرىنى ئىشلىتىش كېرەك. ھازىر توردا مەخسۇس مۇشۇ ۋىرۇسنى ئۆلتۈرىدىغان كىچىك پروگراممىلارمۇ بار. مەسىلەن:

http://www.rising.com.cn

http://www.jiangmin.com.cn

✦سوئال: ئېكران يۈزىدىكى بەلگىلەر بەك كىچىكلەپ كېتىپ، خەتلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ (قۇمۇلدىن ھەسەن كەبەي)

جاۋاب: ئەگەر پەقەت خەتنىلا چوڭايتماقچى بولسىڭىز ئېكران يۈزىدە مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ كۆرۈنگەن تىزىملىكتىن خاراكتېر(属性) كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ. ئاندىن سىرتقى كۆرۈنۈش(外观) تۈرى ئىچىدىكى خەت چوڭلۇقى(字体大小) تۈرىدىن چوڭ خەت(大字体) نى تاللاپ قويسىڭىز بولىدۇ.




ئەگەر ئېكراندىكى بارلىق بەلگە ۋە خەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ چوڭلۇقىنى بىراقلا چوڭ چىقىدىغان قىلماقچى بولسىڭىز، يۇقىرىدىكى كۆزنەكتىن تەڭشەش(设置) تۈرىگە كىرىپ ئالىي دەرىجە(高级) كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ. ئاندىن كۆزنەكتىكى 常规 دېگەن تۈر ئىچىدىكى

DPI设置 دېگەن تىزىملىكتىن 120DPI نى تاللاپ جەزملەشتۈرسىڭىز بولىدۇ.



دىققەت: جەزملەشتۈرۈش كۇنۇپكىسى بېسىلغاندا سىزدىن قاچىلاش دىسكىسىنى سېلىشنى سورايدۇ. شۇڭلاشقا قاچىلاش دىسكىسىنى سېلىپ مەشغۇلات قىلىڭ.

✦سوئال: ئېكران يۇزىدىكى ئايكونلارنىڭ ئاستىدىكى كۆرسەتكۈچ بەلگىسىنىڭ مەنىسى نېمە؟ (قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتىن توختىھاجى يۇنۇس)

جاۋاب: بۇ تېز قوزغىتىش بەلگىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك بۇ پەقەتلا بىر ئاددىيلا بىر بەلگە بولۇپ، يەنە بەزى پروگراممىلارنىڭ قوزغىلىدىغان ھۆججىتىنىڭ نامى، ئورنى قاتارلىق قىسقىچە ئۇچۇرلىرىلا ساقلانغان بولىدۇ (پروگراممىنىڭ ئۆزى ئەمەس). بۇ بەلگە قوش چېكىلگەندە ئۆزى ئىجرا بولماستىن كۆرسىتىلگەن ئورۇندىكى پروگرامما ئىجرا بولىدۇ.

✦سوئال: كومپيۇتېرىمدىكى ئۈپتىك دىسكا قوزغاتقۇچقا ھەر قېتىم دىسكىنى سالغان ھامانلا ئەگەر پروگرامما بولسا ئاپتوماتىك قوزغىلىپ كېتىدۇ. بۇ ئىقتىدارنى قانداق قىلغاندا يوقاتقىلى بولىدۇ؟ (كورلىدىن قۇربان)

جاۋاب: باشلاش تىزىملىكىدىكى ئىجرا قىلىش(运行) كۆزنىكىگە gpedit.msc دېگەن سۆزنى يېزىپ ئىجرا قىلىپ، تەرتىپ بويىچە تۆۋەندىكى تۈر ئىچىگە كىرىمىز.

计算机配置→管理模板→系统

ئاندىن ئوڭ تەرەپتىكى كۆزنەكتىكى 关闭自动播放 دېگەن تۈرنى قوش چېكىپ، كۆرۈنگەن كۆزنەكتىن 已启动 نى تاللاپ قويىمىز.



✦سوئال: WindowsXP نىڭ 我的文档 مۇندەرىجىسىدە 图片收藏 بىلەن 我的音乐 دېگەن ئىككى مۇندەرىجە بار. بۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى ئانچە چوڭ بولمىغاچقا ئۆچۈرىۋەتكەنىدىم. بىراق كومپيۇتېرنى قايتا قوزغاتسام يەنە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بىرقانچە قېتىم قايتىلاپ سىناپ كۆرسەممۇ ئوخشاش نەتىجە كۆرۈلدى. بۇ ئىككى مۇندەرىجىنى قانداق قىلغاندا پۈتۈنلەي ئۆچۈرىۋەتكىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: باشلاش تىزىملىكىدىكى ئىجرا قىلىش كۆزنىكىگە Regsvr32/u mydocs.dll دېگەن بۇيرۇقنى يېزىپ ئىجرا قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۆچۈرىۋەتسىڭىز بولىدۇ.

# جەدۋەلنى رەسىمگە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى

ئەگەر Excel دىن مەلۇم دائىرىدىكى كاتەكچىلەرنىڭ مەزمۇنىنى رەسىم ھۆججىتىگە ئايلاندۇرۇپ باشقا يۇمشاق دېتاللاردا ئىشلىتىشنى ئويلىسىڭىز، تۆۋەندىكى جەريانلار بويىچە مەشغۇلات قىلسىڭىز بولىدۇ.

ئالدى بىلەن رەسىمگە ئايلاندۇرماقچى بولغان دائىرىنى تاللىۋېلىڭ. ئاندىن كۇنۇپكا تاختىسىدىن Shift كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ تەھرىرلەش(编辑) تىزىملىكىنى باسسىڭىز تىزىملىكتە رەسىمنى كۆچۈرۈش(复制图片) دېگەن تۈرنى كۆرىسىز.



شۇ بۇيرۇقنى باسسىڭىز تاللىغان دائىرىنى قانداق ئېنىقلىقتا رەسىمگە ئايلاندۇرۇشنى سورايدىغان كۆزنەك كۆرۈنىدۇ.




كۆزنەكتىن 如屏幕所示 نى تاللىسىڭىز رەسىم ئېكران ئېنىقلىقىدا، يەنى 96dpi ئەتراپىدا كۆچۈرۈلىدۇ. ئەگەر 如打印效果 نى تاللىسىڭىز پىرىنتېردا بېسىپ چىققاندىكى ئېنىقلىقتا كۆچۈرۈلىدىغان بولۇپ، كەسپىي لايىھەلەشلەردە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.



# كومپيۇتېر توردىن سوئال - جاۋابلار

✦سوئال: IE دا تور بېكەتلەرنى زىيارەت قىلغاندا كىرگۈزگەن ئادرېسلارنىڭ ھەممىسى ساقلىنىپ قالىدىكەن. گەرچە بۇنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە ئۇنتۇلۇپ قالىدىكەنمەن. تارىخىي خاتىرىلەر تىزىملىكىگە ساقلانمايدىغان قىلىپ تور بەت كۆرۈشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى بارمۇ-يوق؟ (ئۈرۈمچىدىن مۇرات)

جاۋاب: IE نى قوزغىتىپلا Ctrl+O كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ. بۇ ۋاقىتتا ئادرېس يازىدىغان كۆزنەك كۆرۈنىدۇ. بۇ كۆزنەككە كۆرمەكچى بولغان ئادرېسنى يازغاندىن كېيىن جەزملەشتۈرسىڭىز تارىخىي خاتىرىلەر تىزىملىكىدە ساقلانمايدۇ.




✦سوئال: مەن داۋاملىق Yahoo ئارقىلىق ماتېرىيال ئىزدەيمەن. ھەر قېتىم مەلۇم بىر ئاچقۇچلۇق سۆزنى كىرگۈزسەم بۇرۇن ئىزدىگەن ئاچقۇچلۇق سۆزلەر تىزىملىك شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. ئادرېس ساقلىنىدىغان تارىخىي خاتىرىلەر تىزىملىكىنى ئۆچۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆچۈرسەممۇ بولمىدى. قانداق قىلسام بولار؟ (تۇرپاندىن تۇرسۇن مەمەت)

جاۋاب: بۇنىڭ ئۈچۈن IE نىڭ قورال(工具) تىزىملىكىدىكى ئىنتېرنېت تاللىشى(Internet选项) بۇيرۇقىنى بېسىڭ. ئاندىن كۆرۈنگەن كۆزنەكتىن مەزمۇن(内容) دېگەن تۈرنى ئېچىپ ئاپتوماتىك ئاخىرلاشتۇرۇش(自动完成) كۇنۇپكىسىنى بېسىپ كۆرۈنگەن كۆزنەكتىكى تىزىملىكنى ئۆچۈرۈش(清除表单) كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز بولىدۇ.




✦سوئال: ھازىر نۇرغۇن ئىدارىلار(مەسىلەن: مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى،ئىستاتىستىكا ئىدارىسى.....) دا ئۆزىنىڭ ئىچكى تورى بار. بۇ ئىچكى توردا پەقەت مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر قايسى ئىدارىلەر ئارىسىدىلا ئۆز ئارا ھۆججەت-ئۇچۇرلارنى يوللىيالايدۇ. لېكىن بۇ ئىچكى تور ئۇلىنىشى بولغان كومپيۇتېردا كەڭ بەلباغلىق تور لىنىيىسى ئارقىلىق سىرتقى تورغا كىرگەندە ئىچكى تور نورمال ئىشلىمەيدىكەن. قانداق قىلىش كېرەك؟ (پەيزاۋات ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىن ئابدۇكېرىم ئابباس)

جاۋاب: ئادەتتە كۆپىنچە كومپيۇتېرغا بىرلا تور كارتىسى سەپلەنگەن بولىدۇ. بۇ كارتا ئارقىلىق پەقەت بىرلا تور ئۇلىنىشى قۇرالايسىز. ئەگەر كومپيۇتېرىڭىزنى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى تورغا ئۇلاش ئۈچۈن ئىككى دانە تور كارتىسى سەپلىشىڭىز ھەم مۇناسىۋەتلىك تەڭشەش ئېلىپ بېرىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئىدارىدىكى بىرقانچە كومپيۇتېردا ئوخشاشلا ھەم ئىچكى تور ھەم سىرتقى تورنى ئىشلەتمەكچى بولسىڭىز ئىككى كارتا ئۇلانغان كومپيۇتېردىكى سىرتقى تور ئۇلىنىشىنى ئورتاق پايدىلىنىدىغان(共享) قىلىپ تەڭشەپ قويسىڭىز بولىدۇ. ئايرىم بىر كومپيۇتېر مەخسۇس مۇلازىمېتىر قىلىپ تەڭشىلىپ، باشقا كومپيۇتېرلار مۇشۇ كومپيۇتېر ئارقىلىق سىرتقا تورغا ئۇلانسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا مۇلازىمېتىر كومپيۇتېرغىلا ھەرخىل ۋىرۇستىن ساقلىنىش يۇمشاق دېتاللىرىنى قاچىلاش ئارقىلىق باشقا كومپيۇتېرلاردىمۇ ۋىرۇستىن ساقلىنىش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ.

✦سوئال: كومپيۇتېرخانىدىكى مۇلازىمېتىرغا WindowsXP نى، ئوقۇغۇچىلار كومپيۇتېرىغا Windows98 نى قاچىلىسام تور قوشنا(网上邻居) ئارقىلىق ھۆججەت ئالماشتۇرغىلى بولمىدى. بۇنى ئوڭشاشنىڭ ئامالى بارمۇ؟ (يەكەن ناھىيىلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدىن تۇرسۇنجان سۇلايمان)

جاۋاب: كونترول تاختىسى(控制面板) دىكى باشقۇرۇش قورالى(管理工具) ئىچىدىن يەرلىك بىخەتەرلىك ئىستراتېگىيىسى(本地安全策略) نى قوش چېكىپ ئاچىمىز. ئاندىن كۆزنەكنىڭ سول تەرىپىدىكى 用户权利指派 دېگەن تۈرنى بېسىپ ئاندىن ئوڭ تەرەپتىكى 拒绝从网络访问这台计算机 دېگەن تۈرنى قوش چېكىپ كۆرۈنگەن تىزىملىكتىكى بارلىق تۈرلەرنى ئۆچۈرىۋەتسەكلا بولىدۇ.





# كومپيۇتېرنىڭ «پۇشايمانلىق دورىسى بار»

بىزدە «پۇشايمانلىق دورىسى يوق» دېگەن تەمسىل بار. تۇرمۇشىمىزدا تۇرغۇن ئىشلارنى كېيىنگە قايتۇرالمايمىز. شۇ سەۋەبتىن، قاتتىق دېتال ۋە يۇمشاق دېتال لايىھەلىگۈچىلەر شۇنداق ئارزۇ - ئارمانلىرىنى كومپيۇتېر مەشغۇلاتلىرىغا تەدبىقلاپ، نۇرغۇن پروگراممىلارغا كېيىنگە قايتۇرۇش، ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارلىرىنى قوشقان. تۆۋەندە شۇنداق «دورا» لار بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ كۆرمەكچىمىز.

## بىرىنچى، Windows دىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارى

Windows95 مەشغۇلات سىستېمىسى بازارلىققا كەلگەندىن باشلاپلا تىزىملاش جەدۋىلى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئىشلەتكۈچىلەر پروگرامما قاچىلىغان ۋە ئۆچۈرگەن ئۇچۇرلىرى، كومپيۇتېردىكى قاتتىق دېتال ۋە باشقا سىستېما ئۇچۇرلىرى دەل مۇشۇ تىزىملاش جەدۋىلىدە ساقلانغان. ئەگەر تىزىملاش جەدۋىلىدە مەسىلە كۆرۈلسە ياكى بەزى سانلىق مەلۇماتلار ئۆزگەرسە كەتسە پۈتۈن مەشغۇلات سىستېمىسىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، مىكروسوفت شىركىتى بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، WindowsME دىن باشلاپلا سىستېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش (系统还原) ئىقتىدارىنى قوشقان. بۇ ئىقتىدار ئارقىلىق مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بولغان ھۆججەت ۋە مۇندەرىجىلىرى زاپاس ساقلىنىدۇ. سىستېمىدا مەسىلە كۆرۈلگەندە ياكى ئىشلەتكۈچى ئېھتىياجلىق بولغاندا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارى ئارقىلىق مەشغۇلات سىستېمىسى زاپاس ساقلانغاندىكى ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن سىستېما ئۇچۇرلىرىنى زاپاس ساقلاپ قويىمىز. مەشغۇلات باسقۇچلىرى تۆۋەندىكىدەك:

1 - قەدەم: باشلاش(开始)←پروگرامما(程序)←قوشۇمچە(附件)← سىستېما قوراللىرى(系统工具) ئىچىدىن سىستېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش(系统还原) تۈرىنى ئىجرا قىلىمىز.

2 - قەدەم: كۆزنەكتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش نۇقتىسى قۇرۇش (创建一个还原点) تۈرىنى تاللاپ كېيىنكى قەدەم كۇنۇپكىسىنى باسىمىز.




3 - قەدەم: كۆزنەكتىكى ساقلاش نۇقتىسىنى ئىپادىلەش (还原点描述) كاتەكچىسىگە ئۆزىمىز خالىغان سۆزنى كىرگۈزگەندىن كېيىن قۇرۇش(创建) كۇنۇپكىسىنى باسىمىز.




شۇنىڭ بىلەن زاپاس ساقلاش مەشغۇلاتىمىز ئاخىرلىشىدۇ. كېيىن سىستېمىدا مەسىلە كۆرۈلگەندە ئىلگىرى زاپاس ساقلانغان ئورۇندىن ئەسلىگە كەلتۈرىمىز. ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشغۇلات باسقۇچلىرى تۆۋەندىكىدەك:

1 - قەدەم: زاپاس ساقلاش مەشغۇلاتى بويىچە سىستېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش(系统还原) تۈرىنى ئىجرا قىلىپ، كۆزنەكتىن كومپيۇتېرنى ئىلگىرىكى ھالەتكە كەلتۈرۈش(恢复我的计算机到一个较早的时间) تۈرىنى تاللايمىز.

2 - قەدەم: كۆزنەكتىكى ۋاقىت جەدۋىلىدىن مەلۇم ۋاقىتنى تاللىساق ئۇڭ تەرەپتە شۇ كۈندە زاپاس ساقلانغان تۈرلەر كۆرۈنىدۇ (زاپاس ساقلىغان ۋاقىتتا «ساقلاش نۇقتىسىنى ئىپادىلەش» دېگەن كاتەكچىگە كىرگۈزگەن سۆز بويىچە). ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان تۈرنى تاللاپ كېيىنكى قەدەم كۇنۇپكىسىنى باسىمىز.




3 - قەدەم: كېيىن كۆرۈنگەن كۆزنەكتىن داۋاملىق ھالدا كېيىنكى قەدەم كۇنۇپكىلىرىنى باسساق كومپيۇتېر قايتا قوزغىلىپ، زاپاس ساقلانغاندىكى ھالەتكە كېلىدۇ.

قوشۇمچە، ئەگەر ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەسلىگە كەلتۈرۈش نۇقتىسىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلسىڭىز، دەرھاللا يەنە شۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈش(系统还原) كۆزنىكىنى ئېچىپ، ئالدىنقى قېتىمقى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىناۋەتسىز قىلىش(撤消我上次的还原) دېگەن تۈرنى ئىجرا قىلسىڭىز ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرىكى ھالەتكە كېلىدۇ.

**ئارتۇقچىلىقى:** مەقسەت، ئىشلىتىش ئوڭاي.

**كەمچىلىكى:** مەشغۇلات سىستېمىسى قوزغالغاندا ئاندىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەسلىگە كەلتۈرگەندىمۇ پەقەت سىستېما ھۆججەتلىرىنىلا ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. قاتتىق دىسكىدىكى باشقا يۇمشاق دېتال ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۈچى يەتمەيدۇ.

## ئىككىنچى، مەخسۇس يۇمشاق دېتال ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش

مەخسۇس ئەسلىگە كەلتۈرۈش يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ پرىنسىپى Windows نىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى، مەخسۇس يۇمشاق دېتال ئارقىلىق قاتتىق دىسكىدىكى ھەرقانداق ئۇچۇرنى ئىلگىرى زاپاس ساقلانغان ھالەتكە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. تۆۋەندە «还原精灵» دېگەن يۇمشاق دېتالنى مىسال قىلىمىز.

بۇ يۇمشاق دېتالنى قاچىلاش جەريانىدا باشقا يۇمشاق دېتاللارنى قاچىلاشقا ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل سوئالغا ئۇچرايمىز. بىرى، كومپيۇتېرىمىزغا بىرلا مەشغۇلات سىستېمىسى قاچىلانغانلىقى ياكى كۆپ مەشغۇلات سىستېمىسى بارلىقىنى سورايدۇ.



بىرلا مەشغۇلات سىستېمىسى بولسا كۆزنەكتىكى بىرىنچى تۈرنى تاللاپ داۋاملاشتۇرىمىز. ئەگەر كۆپ مەشغۇلات سىستېمىسى بولسا ئىككىنچى تۈرنى تاللايمىز. بۇ چاغدا يەنە بىزدىن نۆۋەتتىكى مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قاچىلانغان مەشغۇلات سىستېمىسى ياكى ئەمەسلىكىنى سورايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا كۆرۈنگەن تىزىملىكتىن «ھەئە» دېگەن تۈرنى تاللاپ داۋاملاشتۇرىمىز. ئۇنداق بولمىسا يۇمشاق دېتال قاچىلانمايلا قايتا قوزغىلىدۇ. بىز كومپيۇتېرىمىزنى قاچىلىغان مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ تەرتىپ بويىچە ھەر بىرىگە ئايرىم-ئايرىم قاچىلاپ چىقىمىز.
(ئەڭ ياخشىسى بىرلا مەشغۇلات سىستېمىسى قاچىلانغان كومپيۇتېردا ئىشلىتىش كېرەك)

قاچىلاش پروگراممىسى نورمال داۋاملاشسا ئېكراندا قوغداش شەكلىنى سوراش كۆزنىكى كۆرۈنىدۇ. كۆزنەكتە ئىككى خىل تاللاش بولۇپ، پەقەت سىستېما رايونىنىلا قوغداش(只保护系统盘) تۈرىدە ئاپتوماتىك C رايونىنى قوغدايدىغان بولىدۇ. ئەگەر تاللاش شەكلىدە قوغداش(自定义保护) تۈرى تاللانسا قايسى رايوننى قوغداش كېرەكلىكىنى، قانداق قوغداش شەكلىنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئۆزىمىز بېكىتەلەيمىز. (ئاستىدىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك)



بۇ كۆزنەكتىن قوغدىلىدىغان رايونلارنىڭ ئالدىغا توغرا بەلگە قويىمىز.

ئەسلىگە كەلتۈرۈش شەكلى(还原方式) نىڭ رولى تۆۋەندىكىدەك:

不还原: قوغدالغان رايوندا ئېلىپ بېرىلغان ئۆزگەرتىشلەر ساقلىنىپ قالىدۇ.

自动还原: كومپيۇتېرنى ھەر قېتىم قايتا قوزغاتقاندا، قوغدالغان رايوندىكى ئۇچۇرلار ئاپتوماتىك ئەسلىدىكى ھالىتىگە كېلىدۇ.

手动还原: كومپيۇتېر قايتا قوزغىتىلغاندا يۇمشاق دېتال تاللاش تىزىملىكى كۆرسىتىپ، قوزغىلىشتىن بۇرۇنقى ئۆزگەرتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش(قوغدالغان مەزمۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش) ياكى ۋاقىتنچە ئۆز پېتىچە قويۇپ تۇرۇشنى(保留资料) سورايدۇ.




بۇنى ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجى بويىچە بېكىتىمىز.

资料转存: كومپيۇتېر قوزغالغاندا ئۈستىدىكى كۆزنەكتىكى مەزمۇن كۆرۈنۈشتىن باشقا يەنە بىر تۈر يەنى سانلىق مەلۇماتنى ساقلاش(转存数据) تۈرى قوشۇلىدۇ. بۇ تۈر تاللانسا ئۆزگەرتىلگەن مەزمۇنلار ساقلىنىپ، قوغدىلىدىغان مەزمۇن دائىرىسىگە قېتىلىدۇ.

自动还原CMOS دېگەن تۈرنىڭ ئالدىغا بەلگە قويۇلسا CMOS پارامېتىرلىرىمۇ قوغدىلىدۇ. ئەگەر پارامېتىر ئۆزگىرىپ كەتسە كومپيۇتېر قوزغالغاندا CMOS پارامېتىرى ئۆزگەرگەنلىك ئۇچۇرى كۆرسىتىلىدۇ.




防止硬盘I/O破坏 تۈرىگە بەلگە قويۇلسا قاتتىق دىسكىغا بىۋاسىتە ئوقۇش-يېزىش مەشغۇلاتلىرىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بىراق Windows مەشغۇلات سىستېمىسى قاچىلانغان كومپيۇتېرلاردا بۇ تۈرنى تاللىماسلىق كېرەك.

高级设置 كۇنۇپكىسىنى بېسىپ يەنە بەزىبىر قىسمىي پارامېتىرلارنى تەڭشىگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

设置定时还原时间间隔: ئەسلىگە كەلتۈرۈش شەكلى (还原方式) دىن قەرەللىك ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى تاللانسا، شۇنىڭ قەرەلىنى مۇشۇنىڭدىن تەڭشەيمىز.

设置开机等待热键时间: كومپيۇتېر قوزغالغاندىلا Home كۇنۇپكىسى ياكى Ctrl+Home كۇنۇپكىسى بېسىلسا پروگراممىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەم تەڭشەش كۆزنىكىگە كىرگىلى بولىدۇ. مۇشۇ تۈر ئارقىلىق كومپيۇتېر قوزغالغاندا ئىشلەتكۈچىنىڭ كۇنۇپكا بېسىشنى قانچىلىك ۋاقىت ساقلايدىغانلىقىنى تەڭشەشكە بولىدۇ.




يۇقىرىدىكىلەر تەڭشىلىپ بولغاندىن كېيىن كومپيۇتېر قايتا قوزغىلىپ 还原精灵 قاچىلىنىپ بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كومپيۇتېر قوغداش ھالىتىدە تۇرىدۇ. Windows نىڭ ۋەزىپە رامكىسىدا پروگراممىنىڭ بەلگىسى( ) پەيدا بولىدۇ. ئەگەر Windows ھالىتىدە قاچىلانغان پروگراممىا ۋە ئۆزگەرتىلگەن سانلىق مەلۇماتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قوغداش رايونىغا كىرگۈزۈش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى بىجىرمەكچى بولساق ۋەزىپە رامكىسىدىكى پروگراممىنىڭ ( ) بەلگىسىنى بېسىپ پروگراممىا بۇيرۇقلىرى(还原精灵命令) نى تاللايمىز. ئاندىن كۆرۈنگەن كۆزنەكتىن بىز بىجىرمەكچى بولغان مەشغۇلاتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بۇيرۇقنى تاللاپ ئىجرا قىلىمىز.



بۇ كۆزنەكتىن 还原后移出 بۇيرۇقى تاللانسا، قوغدالغان قاتتىق دىسكا رايونى پروگراممىا قاچىلانغاندىن ئىلگىرىكى ھالەتكە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە 还原精灵 پروگراممىسىمۇ ئۆچۈرۈلىدۇ(يەنى قوغداش ئىقتىدارىمۇ يوقايدۇ).

转存后移出 بۇيرۇقى تاللانسا، كومپيۇتېرنىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتى ئۆز پېتى ساقلىنىش بىلەن بىرلىكتە 还原精灵 پروگراممىسىمۇ ئۆچۈرۈلىدۇ.

**بۇ مەشغۇلاتلارنى كومپيۇتېر قوزغالغاندا Home كۇنۇپكىسى ياكى Ctrl+Home كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ كۆرۈنگەن كۆزنەكتىنمۇ بىجىرگىلى بولىدۇ.**

ئەگەر سىز قاچىلاش جەريانىدا پەقەت سىستېما رايونىنىلا قوغداش تۈرىنىلا تاللىغان بولسىڭىز، كېيىنچە باشقا رايونلارنىمۇ قوغداش ھەم ئالاھىدە تەڭشەش ئېلىپ بارماقچى بولغان بولسىڭىز ۋەزىپە رامكىسىدىكى پروگراممىنىڭ بەلگىسىنى ( ) بېسىپ، تىزىملىكتىن پارامېتىرنى تەڭشەش(设置参数) بۇيرۇقىنى تاللىسىڭىز بولىدۇ.

مەخسۇس يۇمشاق دېتال ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلىدا قوغداش ئىقتىدارى مەشغۇلات سىستېمىسىغا كىرمىگەن ۋاقىتتىلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا، مەشغۇلات سىستېمىسى پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ، پەقەتلا قوزغالالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالسىمۇ يەنە ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

**ئارتۇقچىلىقى:** ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۈرئىتى تېز، ئىشلىتىش ئوڭاي، مەشغۇلات سىستېمىسى بۇزۇلغاندىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

**كەمچىلىكى:** قاتتىق دىسكا بوشلۇقىغا بولغان تەلىپى نىسبەتەن يۇقىرى. كۆپ خىل مەشغۇلات سىستېمىسى مۇھىتىدا قوغداش ئىقتىدارى تازا كۆرۈنەرلىك ئەمەس. باھاسىمۇ يۇقىرى.

**قوشۇمچە:** بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ تور نۇسخىسى(网络还原精灵) مۇ بار بولۇپ، بىر مۇلازىمېتىر كومپيۇتېر ئارقىلىق نۇرغۇن كومپيۇتېرلارنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ تورخانا، مەكتەپلەردىكى كومپيۇتېرخانىلارغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا 虚拟还原 ،Acronis True Image قاتارلىق يۇمشاق دېتاللارنىڭ ئىقتىدارىمۇ يامان ئەمەس.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، قوغدالغان رايونغا مەلۇم ھۆججەت ـ مۇندەرىجە قۇرغان، كۆچۈرگەن بولسىڭىز ياكى مەلۇم ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتكەن بولسىڭىز، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن شۇ رايونغا قۇرۇلغان، كۆچۈرۈلگەن مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى يوقاپ كېتىدۇ. ئۆزگەرتىلگەن مەزمۇنمۇ بۇرۇنقى ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، ماتېرىياللىرىڭىزنى قوغدالمىغان باشقا رايونغا ساقلاڭ.

تور بېكەت ئادرېسى:

http://www.yuanzhi.com.cn

## ئۈچىنچى، Ghost يۇمشاق دېتالىدىن پايدىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش

بۇ يۇمشاق دېتالدا قاتتىق دىسكىدىكى بارلىق مەزمۇن ياكى مەلۇم بىر دىسكا رايونىدىكى بارلىق مەزمۇن زاپاس ھۆججەت شەكلىدە ساقلىنىدۇ. ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە توغرا كەلگەندە شۇ زاپاس ھۆججەت پۈتۈن قاتتىق دىسكىغا ياكى مەلۇم بىر دىسكا رايونىغا يېزىلىدۇ.

زاپاس ساقلاشنىڭ مەشغۇلات باسقۇچلىرى تۆۋەندىكىدەك:

1 - قەدەم: Ghost يۇمشاق دېتالىنى قوزغىتىمىز. ئەگەر پۈتۈن قاتتىق دىسكىنى زاپاس ساقلىماقچى بولساق Local ← Disk ← To Image بۇيرۇقىنى باسىمىز.




2 - قەدەم: تىزىملىكتىن زاپاس ساقلىماقچى بولغان قاتتىق دىسكىنى تاللايمىز.



3- قەدەم: زاپاس ھۆججەتنىڭ ئىسمى ۋە ساقلايدىغان ئورنى كۆرسىتىلگەندىن كېيىن ساقلاش(Save) كۇنۇپكىسى بېسىلسىلا بولىدۇ.

دىققەت: زاپاس ساقلايدىغان ئورنى باشقا قاتتىق دىسكىغا كۆرسىتىلىشى كېرەك.

ئەگەر قاتتىق دىسكىنىڭ مەلۇم بىر رايونىنى زاپاس ساقلىماقچى بولساق To Image ← Partition ← Local بۇيرۇقىنى باسىمىز.

قاتتىق دىسكا تىزىملىكىدىن (ئەگەر كومپيۇتېرىمىزدا بىرلا قاتتىق دىسكا بولسا، شۇ بىرلا دىسكىنىڭ ئۇچۇرى كۆرۈنىدۇ) زاپاس ساقلىماقچى بولغان رايون بار قاتتىق دىسكىنى تاللىغاندىن كېيىن، كۆرۈنگەن رايونلار تىزىملىكىدىن زاپاس ساقلىماقچى بولغان رايوننى تاللايمىز.




ئاندىن ھۆججەت ئىسمى ۋە ساقلىنىش ئورنىنى كۆرسىتىپ قويىمىز.

دىققەت: زاپاس ساقلايدىغان ئورۇن ئوخشاش بىر دىسكىدا بولسا بولىدۇ، بىراق باشقا رايونغا كۆرسىتىلىشى كېرەك.

ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ مەشغۇلات باسقۇچلىرى تۆۋەندىكىدەك:

1- قەدەم: Ghost نى قوزغىتىمىز. ئەگەر زاپاس ساقلانغان قاتتىق دىسكىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولساق From Image ← Disk ← Local بۇيرۇقىنى باسىمىز. (زاپاس ساقلانغان قاتتىق دىسكا رايونىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە From Image ← Partition ← Local بۇيرۇقىنى باسىمىز)

2- قەدەم: زاپاس ھۆججەتنى تاللايمىز. ئەگەر قاتتىق دىسكا زاپاس ھۆججىتىنى تاللىساق قايسى قاتتىق دىسكىغا ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى سورايدۇ. قاتتىق دىسكا تىزىملىكىدىن ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان قاتتىق دىسكىنى تاللىساق بولىدۇ. (ئەگەر مەلۇم رايوننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە تەرتىپ بويىچە شۇ رايون ساقلانغان قاتتىق دىسكىنى، ئاندىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان رايون تاللىنىدۇ)

3- قەدەم: ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان قاتتىق دىسكا ياكى دىسكا رايونى تاللانغاندىن كېيىن جەزملەشتۈرۈش كۆزنىكى كۆرۈنىدۇ.




Yes كۇنۇپكىسىنى باسساقلا ئەسلىگە كېلىدۇ.

**دىققەت:** زاپاس ساقلانغان قاتتىق دىسكا ياكى رايون بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان قاتتىق دىسكا ياكى رايون ئوخشاش بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان دىسكا ۋە رايوندا ساقلانغان ھۆججەتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى باشقا ئورۇنغا كۆچۈرۈپ قويۇشنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك.

**ئارتۇقچىلىقى:** ئىشلىتىش ئاسان، ئىقتىدارى كۈچلۈك.

**كەمچىلىكى:** قاتتىق دىسكىدا ئىگىلەيدىغان بوشلۇق كۆپ. ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرىكى مەزمۇنلارنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ.

## تۆتىنچى، قاتتىق دىتال ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش

ھازىرقى بەزى ئاساسىي تاختىلارنىڭ (مەسىلەن، AOpen) CMOS تىزىملىكىگە زاپاس ساقلاش ئىقتىدارى قوشۇلغان بولۇپ، كومپيۇتېرغا مەشغۇلات سىستېمىسى ۋە ئىشلىتىلىدىغان يۇمشاق دىتاللارنى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن، زاپاس ساقلاش ئىقتىدارىنى قوزغىتىپ ساقلاپ قويىمىز. كومپيۇتېردا مەسىلە كۆرۈلگەندە CMOS تىزىملىكىگە كىرىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش بۇيرۇقىنى باسساقلا بولىدۇ. مەشغۇلات جەريانى ئوڭاي، زاپاس ساقلاش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشى تېز، ئىگىلەيدىغان بوشلۇقى ئىنتايىن كىچىك. لېكىن، تاللاش دائىرىسى كىچىكرەك. چۈنكى بۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە ئاساسىي تاختىلار ئانچە كۆپ ئەمەس. بىراق ھازىرقى كۆپىنچە ماركىلىق كومپيۇتېرلارغا بۇ ئىقتىدار ئورنىتىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، قاتتىق دىسكىنى قوغداش كارتىسى (硬盘保护卡) نىڭ ئىقتىدارىمۇ ئاساسىي تاختىنىڭ زاپاس ساقلاش ئىقتىدارىغا ئوخشاش بولۇپ، ئىشلىتىش ئىنتايىن ئوڭاي. باھاسىمۇ ئەرزان، قاتتىق دىسكىدا ئىگىلەيدىغان بوشلۇقى كىچىك، سۈرئىتى تېز. تۈرلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، تاللاش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. بۇ ئۈسكۈنە ھازىرقى تورخانا ۋە مەكتەپتىكى كومپيۇتېرخانىلارغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. كومپيۇتېرىدىن تولا مەسىلە چىقىدىغانلار، يېڭى ئۆگەنگۈچىلەر ئورنىتىۋالسىمۇ بولىدۇ.




**دىققەت:** مەيلى ئاساسىي تاختىدىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارى بولسۇن ياكى قوغداش كارتىسى بولسۇن، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قوغداش رايونىدىكى ھۆججەتلەر يوقاپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن مۇھىم ھۆججەتلەرنى كۆچۈرۈۋېلىشنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك.

قانداق؟ قېنى قايسى «دورا» سىزنىڭ مەسىلىڭىزنى ھەل قىلالايدىكەن؟ ئۇنداق بولسا دەرھال ئىشلىتىپ كۆرۈڭ!

**قاتتىق ۋە يۇمشاق دىتال تەرەققىياتى جەريانىدا چوقۇم تېخىمۇ كۆپ بىخەتەرلىك تېخنىكىلىرى بارلىققا كېلىدۇ. بىز شۇ تېخنىكىلارنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈتىمىز!**

# VCD پىلاستىنكىمىزنى باشقىلار كۆچۈرۈۋالمىسۇن دېسەك

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2004 - يىللىق 6 - سانىدا ئوپتىك دىسكىنى باشقىلارنىڭ كۆچۈرۈپ كۆپەيتىۋېلىشىدىن ساقلىنىش توغرىسىدىكى تەپسىلىي ماقالە بېرىلگەنىدى. شۇ ماقالىدىكى CD/VCD/DVD پىلاستىنكىلىرىنى كۆچۈرۈشتىن ساقلاش ئۇسۇلىدا تونۇشتۇرۇلغان CDRWIN، FreeLock قاتارلىق يۇمشاق دېتاللارنى تېپىش ۋە ئىشلىتىش بىر ئاز قىيىن بولغاچقا، بەزى ئوقۇرمەنلەر مۇمكىن بولسا ئوڭاي تاپقىلى بولىدىغان يۇمشاق دېتال ۋە ئاددىي مەشغۇلاتلار ئارقىلىق ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ قېتىم مەخسۇس VCD پىلاستىنكىسىنى كۆپەيتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلىدىن ئىككىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز.

## بىرىنچى خىل ئۇسۇل، يۇمشاق دېتال ئۇسۇلى

بۇ ئۇسۇلدا VCD پىلاستىنكىسىغا ئويۇلىدىغان مەزمۇن ئوپتىك دىسكا زاپاس ھۆججىتىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئاندىن شۇ زاپاس ھۆججەتكە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن ئوپتىك دىسكىغا ئويۇلىدۇ.

مەشغۇلات باسقۇچلىرى تۆۋەندىكىدەك:

1 - قەدەم: Premiere قاتارلىق فىلىم تەھرىرلەش يۇمشاق دېتاللىرىدىن پايدىلىنىپ بىر قانچە مىنۇتلۇق ئاۋازسىز قارا رەڭلىك كۆرۈنۈش ھۆججىتى ھاسىل قىلىمىز.

Premiere دا يېڭىدىن بىر ھۆججەت قۇرۇپ، يېڭىدىن قۇرۇش(New) تىزىملىكىدىكى BlackVideo تۈرىنى باسساق تىزىملىكتە ئاۋازسىز قارا رەڭلىك كۆرۈنۈش ماتېرىيالى كۆرۈنىدۇ. شۇ ماتېرىيالنى ۋاقىت يولى(TimeLine) كۆزنىكىگە كىرگۈزۈپ، ئۇزۇنلۇقىنى مۇۋاپىق تەڭشىگەندىن كېيىن MPG ھۆججىتىگە ئايلاندۇرساق بولىدۇ. (تۆۋەندە مىسال ئۈچۈن بەش مىنۇتلۇق قارا ئېكران ھاسىل قىلدۇق.)



2 - قەدەم: Nero نىڭ ئىچىدىكى NeroExpress نى قوزغىتىپ Video CD پىلاستىنكىسى ئويۇشنى بەلگىلەيمىز.



ھۆججەت كىرگۈزۈش كۆزنىكى كۆرۈنگەندە قوشۇش(添加) كۇنۇپكىسىنى بېسىپ MPG ھۆججەتلىرىنى كىرگۈزىمىز.

**دىققەت: ئاۋازسىز قارا رەڭلىك كۆرۈنۈش ھۆججىتىنى ئەڭ ئاخىرىغا كىرگۈزۈڭ.**



ئاندىن كېيىنكى قەدەم كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تەڭشەش كۆزنىكىگە كىرىمىز. نۆۋەتتىكى ئويغۇچ(当前刻录机) دېگەن تاللاش تۈرىدىن Image Recorder دېگەن مەۋھۇم ئويغۇچنى تاللايمىز. (بۇ Nero نى قاچىلىغاندا ئاپتوماتىك قاچىلىنىدىغان مەۋھۇم ئويغۇچ بولۇپ، ئوپتىك دىسكا زاپاس ھۆججىتى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.)



**دىققەت: ئوپتىك دىسكا نامى(光盘名称) دېگەن ئورۇنغا خالىغانچە بىر سۆزنى كىرگۈزۈڭ ھەم ئەستە ساقلىۋېلىڭ. بۇ سۆز كېيىنكى باسقۇچتا ئىشلىتىلىدۇ.**

ئاندىن ئويۇش(刻录) كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ئوپتىك دىسكا زاپاس هۆججىتىنى ساقلايمىز. (Nero دا هاسىل قىلىنغان زاپاس هۆججەتنىڭ كېڭەيتىلگەن نامى NRG. مەسىلەن، Image.nrg)

ئۈچىنچى قەدەم: UltraEdit ئارقىلىق يۇقىرىدا هاسىل قىلغان زاپاس هۆججەتنى ئاچىمىز. ئىزدەش ئىقتىدارى ئارقىلىق ASCII شەكلىدە ئالدىنقى باسقۇچتا قويغان ئوپتىك دىسكا نامىنى ئىزدەيمىز. (مەسىلەن، بىز يۇقىرىدا قويغان ئىسىم TOY بولغاچقا، شۇ ئىسىمنى كىرگۈزۈپ 下一个 كۇنۇپكىسىنى باساق بولىدۇ)




ئوپتىك دىسكا نامىنى ئورنىنى تاپقاندىن كېيىن، شۇ ئىسمىنىڭ ئالدىدىكى سانلارنى 00 گە ئۆزگەرتىمىز. (ئالدىدىكى قانچىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ سان چەكلىمىسى يوق. قانچىلىكنى ئۆزگەرتسىڭىز بولىدۇ. تاكى هۆججەتنىڭ بېشىغىچە هەممىسىنى 00 گە ئۆزگەرتىۋەتسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئىككى قۇر سانى، يەنى 32 دانە سانى 00 گە ئۆزگەرتەيلى.)




ئوخشاش ئۇسۇلدا AVSEQ01 نى ئىزدەپ ئالدىدىكى سانلارنى 00 گە ئۆزگەرتىمىز. (بۇنىڭدىمۇ قانچىلىكنى ئۆزگەرتىشنى ئۆزىڭىز بەلگىلەيسىز. ئۇنىڭدىن باشقا ...AVSEQ02 لارنى ئۆزگەرتسىڭىزمۇ ئۆزگەرتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.)

يۇقىرىدىكىلەرنى ئۆزگەرتىپ بولغاندىن كېيىن هۆججەتنى ساقلاپ چىكىنىمىز.

تۆتىنچى قەدەم: NeroExpress نى قوزغىتىپ زاپاس هۆججەتنى ئويۇش(光盘映像或保存的项目) تۈرىنى قوزغىتىپ بىز يۇقىرىدا ئۆزگەرتكەن زاپاس هۆججەتنى ئاچىمىز.




ئويۇش كۆزنىكىدىكى نىشان قوزغاتقۇچ(目的光驱) تىزىملىكىدىن كومپيۇتېرىمىزدىكى ئويغۇچنى تاللىغاندىن كېيىن، كېيىنكى قەدەم كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ئويۇشنى باشلايمىز. ئويۇش جەريانى تەخمىنەن 98% لەرگە كەلگەندە مەجبۇرىي هالدا توختىتىۋېتىمىز. (شۇڭلاشقا يۇقىرىدىكى ئويۇش كۆزنىكىدىن ئويۇش سۈرئىتىنى 写入速度 نى تۆۋەنرەك تەڭشىسەك ياخشى. ئۇنىڭدىن باشقا ئويۇش جەريانىغا دىققەت قىلىپ تۇرۇشىمىز، نورمال ئاخىرلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.)



دىققەت: يۇقىرىدىكى كۆزنەكتىن توختىتىش(停止) كۇنۇپكىسى بېسىلسا دەرهال ئويۇشتىن توختىمايدۇ. بەلكى تۆۋەندىكىدەك يەنە بىر ئاگاهلاندۇرۇش كۆزنىكى كۆرۈنىدۇ. شۇڭلاشقا تېز سۈرئەتتە تۆۋەندىكى كۆزنەكتىن يەنە بىر قېتىم توختىتىش كۇنۇپكىسىنى بېسىۋېتىش كېرەك.




بۇ قەدەم باسقۇچلار ئارقىلىق ياسالغان ئوپتىك دىسكىنى قوزغاتقۇچقا سېلىپ، كومپيۇتېرىم كۆزنىكىدىن ئېچىشقا ئورۇنساق ئېكراندا ئىقتىدار خاتالىقى(功能错误) ئۇچۇرى كۆرۈنىدۇ. Nero، EasyCDCreator قاتارلىق يۇمشاق دېتاللار ئارقىلىقمۇ كۆپەيتكىلى بولمايدۇ. بىراق پىلاستىنكىنى VCD قويغۇچقا سالساق نورمال قويۇلىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئۇسۇلنى EasyCDCreator، WinonCD، Alcohol قاتارلىق يۇمشاق دېتاللاردىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**قوشۇمچە: 1-قەدەمدە چوقۇم ئاۋازسىز قارا رەڭلىك كۆرۈنۈش قوشۇش شەرت ئەمەس. هەرخىل مۇزىكا ئارقىلىق «خەير-خوش»، «تۈگىدى» دېگەندەك كۆرۈنۈشلەرنى قوشساقمۇ بولىدۇ.**

يۇقىرىدىكى ئۇسۇلدا ياسالغان ئوپتىك دىسكىنى كۆچۈرۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان يۇمشاق دېتال ئارقىلىق يەنىلا كۆپەيتىشكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى ئىشلەتسىڭىز بىخەتەرلىك دەرىجىسى بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن ئۇسۇلغا قارىغاندا بىرئاز يۇقىرى بولىدۇ.

1-قەدەم: ئوخشاشلا ئاۋازسىز قارا رەڭلىك كۆرۈنۈش هۆججىتى هاسىل قىلىمىز. (باشقا كۆرۈنۈش بولسىمۇ بولىدۇ)

2-قەدەم: VCDEasy يۇمشاق دېتالىنى قوزغاتقاندىن كېيىن AddFiles كۇنۇپكىسىنى بېسىپ VCD پىلاستىنكىسىغا ئويماقچى

بولغان MPG ھۆججەتلىرىنى كىرگۈزىمىز. (قارا رەڭلىك كۆرۈنۈش ھۆججىتىنى ئەڭ كەينىگە كىرگۈزىمىز)



يۇقىرىدا ئىشلىتىلگەن VCDEasy مەخسۇس VCD پىلاستىنكىسى ئويۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئورتاق پايدىلىنىدىغان (共享软件) يۇمشاق دېتال بولۇپ، توردىن ھەقسىز چۈشۈرۈۋېلىشقا بولىدۇ. توردىن چۈشۈرۈش ئادرېسى:

http://www.vcdeasy.org

بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ ھەقسىز چۈشۈرۈلگەن نۇسخىسىدا MPG ھۆججىتىنىڭ سانى ۋە سىغىمىغا چەك قويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئويتىك دېسكىغا ئويۇش ئىقتىدارىمۇ چەكلىۋېتىلگەن. بىراق يەنە بىر DOS ھالىتىدە بۇيرۇق بېرىش ئارقىلىق ئويۇش پروگراممىسى تەمىنلەنگەن. بۇ پروگراممىدا ئويغۇچنىڭ ئۇلىنىش ئېغىزى نومۇرى ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، VCDEasy نىڭ كۆزنىكىدە كۆرۈنىدىغان CD Writer تۈرىدىكى نومۇرنى خاتىرىلىۋېلىشنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك.



ئەگەر بەزى مۇھىم ئىقتىدارلارنى ئىشلەتكىلى بولمىسا توردىن مەخپىيەتلىكى ئېچىۋېتىلگەن(破解) نۇسخىسىنى چۈشۈرۈپ ئىشلىتىڭ.

3-قەدەم: VCDEasy نىڭ سول تەرەپتىكى كۆزنىكىدىن Tools تۈرىنى ئاچىمىز. ئاندىن ئوڭ تەرەپتە كۆرۈنگەن BIN file كۆزنىكىگە بىز ھاسىل قىلماقچى بولغان BIN.* ۋە CUE.* ھۆججىتىنىڭ ئورنىنى ۋە ھۆججەت ئىسمىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن Excute كۇنۇپكىسىنى بېسىپ بىر ئاز ساقلىساق زاپاس ھۆججەت قۇرۇلىدۇ.

مەسىلەن: C:\Temp\videocd.bin

C:\Temp\videocd.cue



4-قەدەم: UltraEdit تەھرىرلەش يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق ھاسىل بولغان videocd.bin ھۆججىتىنى ئېچىپ، ئىزدەش بۇيرۇقى ئارقىلىق 2-قەدەمدە كۆرسىتىلگەن كۆزنەكتىكى Volume Label غا يېزىلغان دېسكا نامىنى ئىزدەيمىز. ئاندىن ئالدىدىكى سانلارنى 00 گە ئۆزگەرتىمىز. (AVSEQ01... لارنىڭ ئالدىدىكى سانلارمۇ ئۆزگەرتىلىدۇ.)

5-قەدەم: VCDEasy يۇمشاق دېتالى قاچىلانغان مۇندەرىجىگە قارىساق CDRDAO دېگەن مۇندەرىجىنى كۆرىمىز. بۇ مۇندەرىجىنىڭ ئىچىدە cdrdao.exe پروگراممىسى بولۇپ، DOS مۇھىتىدا ئويتىك دېسكىغا سانلىق مەلۇمات ئويالايدۇ. بىز دەل مۇشۇ پروگراممىدىن پايدىلىنىپ يۇقىرىدا بىز ئۆزگەرتكەن videocd.bin ھۆججىتىنى ئويىمىز. بېرىلىدىغان بۇيرۇق تۆۋەندىكىدەك: (بىر قۇرغا ئۇلاپ يېزىلىدۇ)

```
cdrdao write -n --speed 2 --device 2,0,0 --driver
generic-mmc --overburn c:\temp\videocd.cue
```

بۇيرۇقنىڭ ئىچىدىكى speed 2-- نىڭ مەنىسى 2 لىك سۈرئەتتە ئويۇشنى، device 2,0,0-- نىڭ مەنىسى 2-قەدەمدىكى كۆزنەكتە كۆرۈنگەن ئويغۇچنىڭ نومۇرىنى، c:\temp\videocd.cue نىڭ مەنىسى زاپاس ھۆججەتنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى كۆرسىتىدۇ.

**دىققەت: بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغاندا خاتالىق ئۇچۇرى كۆرۈلسە ASPI پروگراممىسىنىڭ قاچىلانمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. www.pcfsy.com تور بېكىتىدىكى aspi_471a2.exe ھۆججىتىنى چۈشۈرۈپ بىر قېتىم ئىجرا قىلىۋەتسەك ئوڭشىلىدۇ.**

ئويۇش جەريانىدا ئېكراندا "wrote xx of yyMB" دېگەن ئۇچۇر كۆرسىتىلىدۇ. بۇنىڭدىكى xx دېسكىغا ئويۇلۇپ بولغان سانلىق مەلۇماتنىڭ سىغىمى، yy بولسا ئويۇلماقچى بولغان ئومۇمىي سىغىم.

xx نىڭ سانى yy قا يېقىنلىشىپ بىرقانچە MB بوشلۇق قالغاندا (ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئەڭ ئاخىرىغا قوشۇلغان ئاۋازسىز قارا رەڭلىك كۆرۈنۈشنىڭ سىغىمىدىن كىچىك بولسۇن) DOS كۆزنىكىنىڭ ☒ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ئويۇشنى مەجبۇرىي توختىتىمىز.

بۇ خىل ئۇسۇلدا ئويۇلغان ئويتىك دېسكىنى كومپيۇتېردا كۆرگىلى، كۆچۈرۈش يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە كۆپەيتكىلى بولمايدۇ. بىراق VCD قويغۇچتا نورمال كۆرۈنىدۇ.

## ئىككىنچى خىل ئۇسۇل، قاتتىق دېتال ئۇسۇلى

قاتتىق دېتال ئارقىلىقمۇ ئۈچ خىل ئۇسۇلدا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

بىرىنچى، ئەگەر سىز يۇقىرىدا سۆزلەنگەن يۇمشاق دېتال ئۇسۇلى بويىچە كەينى تەرىپكە بىر قانچە مىنۇتلۇق قارا رەڭلىك كۆرۈنۈش قىستۇرۇپ، دېسكىغا ئويۇش جەريانىدا ئاخىرلىشاي دېگەندە(99%) كومپيۇتېرنىڭ قايتا قوزغىتىش(Reset) كۇنۇپكىسىنى بېسىۋېتىڭ.

ئىككىنچى، كەينىگە بىر قانچە مىنۇتلۇق قارا رەڭلىك كۆرۈنۈش قىستۇرۇپ، ئويتىك دېسكىغا ئويۇشنى نورمال ئاخىرلاشتۇرۇڭ. ئاندىن پۇتۇپ چىققان دېسكا يۈزىنىڭ ئەڭ سىرتقى تەرىپىنى(قارا رەڭلىك كۆرۈنۈش ساقلانغان دائىرىنى) ئۆتكۈر پىچاق ئارقىلىق چوڭقۇرراق سىزىۋېتىڭ. سىركولدىن پايدىلىنىپ چەمبەر شەكلىدە سىزىۋەتسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەگەر توغرا ھېساپلىيالايدىغانغا ئىشەنچ قىلسىڭىز ئويتىك دېسكىنىڭ قارا رەڭلىك كۆرۈنۈش ئويۇلىدىغان دائىرىگە سوكياۋ پىلاستىرغا ئوخشاش ئىنتايىن نېپىز چاپلىشىدىغان نەرسىنى چاپلاپ قويۇڭ. ئاندىن

ئويۇش يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق ئويۇش مەشغۇلاتىنى بىجىرىلىك. ئويۇش مەشغۇلاتى بىز پىلاستىر چاپلىغان ئورۇنغا كەلگەندە «يېزىش خاتالىقى» چىقىپ ئاخىرلىشىپ كېتىدۇ. بۇ دەل بىز يەتمەكچى بولغان نىشاندۇر.

**دىققەت: مەيلى يۇقىرىدىكى قايسى خىل ئۇسۇلنى ئىشلەتمەكچى بولۇڭ، ئويۇش يۇمشاق دېتالىدىن ئويۇش ئۇسۇلىنى تاللىغاندا چوقۇم دىسكىنى بىر قېتىم ئويۇش(光盘一次刻录 يەنى DAO) شەكلىنى ئىشلىتىپ ئويۇشىڭىز كېرەك. بولمىسا ئوپتىك دىسكىنى VCD قويغۇچمۇ تونىماي قالىدۇ.**

ئەگەر سىز يۇقىرىدىكى يۇمشاق دېتال ئۇسۇلى بىلەن پۈتۈپ چىققان ئوپتىك دىسكىغا قاتتىق دېتال ئۇسۇلىنى ئىشلەتسىڭىز(كەينىدىكى قارا رەڭلىك كۆرۈنۈش بار ئورۇننى پىچاق بىلەن سىزىۋېتىش) تېخىمۇ ياخشى بولغان كۆچۈرۈشتىن ساقلاش ئۈنۈمىگە ئېرىشەلەيسىز.

*قوشۇمچە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇسۇللار پەقەت تەجرىبىسى كەمچىل، بىراق دىسكىنى كۆپەيتىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەردىن ساقلىنىش ئۇسۇلىدۇر، ئەگەر تېخنىكىسى يۇقىرى بولسا يەنىلا ھەر خىل ئۇسۇللاردا كۆچۈرىۋالالايدۇ.*

## «ئۇيغۇر تىل» نى ئاڭلىغانمۇسىز؟

ئۇيغۇر تىل ـــ دالىيەندىكى دايوۋ ۋۇتاۋ شىركىتى(大有吴涛) تۈزۈپ چىققان، پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلىدا پروگرامما تۈزگىلى بولىدىغان كومپيۇتېر تىلىدۇر. (خەنزۇچە 易语言، ئىنگلىزچە e-Language دەپ ئاتالغان)

بۇ تىلنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق:

**بىرىنچى، خەنزۇ تىلىنى تولۇق قوللايدۇ.**

ئۇيغۇر تىلى بۇرۇندىن بار بولغان كومپيۇتېر تىلىنىڭ خەنزۇچىلاشتۇرۇلغان نۇسخىسى بولماستىن، بەلكى پۈتۈنلەي خەنزۇچە ئىشلىتىلگەن تىلدۇر. بۇ تىلدا پروگرامما تۈزۈشتە باشقا چەتئەل تىلىنىڭ گىراماتىكىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەش ھاجەتسىز. بەلكى پروگرامما تۈزۈش ۋە تەپەككۇر قىلىش جەريانى پۈتۈنلەي خەنزۇچە بولىدۇ. مەسىلەن، پروگرامما بۇيرۇقلىرى، فۇنكسىيەلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە بولۇپ، ئۆزىمىزگە ماس كېلىدىغان نۇرغۇن تەييار ئىقتىدارلار قوشۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ تىلنىڭ بارلىق ئەسەر ھوقۇقىنىڭ ھەممىسى دۆلىتىمىزگە مەنسۇپ.




**ئىككىنچى، ئۆزىنىڭ تەرجىمە قىلغۇچ پروگراممىسى بار.**

ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەخسۇس تەرجىمە قىلغۇچ پروگراممىسى(编译器) بولۇپ، ئەسلىدىكى پروگرامما كومپيۇتېر بۇيرۇقلىرىغا ئايلانغاندا ھېچقانداق ۋاقىت ۋە سۈرئەت جەھەتتىكى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، خەتەرلىك مەسىلىلەر يوشۇرۇنچە ساقلىنىپ قالمايدۇ.



**ئۈچىنچى، سىستېما ھالقىپ پروگرامما تۈزۈشكە بولىدۇ.**

ئۇيغۇر تىل Windows ۋە Linux مەشغۇلات سىستېمىلىرىنى قوللايدىغان بولغاچقا، بىر پروگراممىنى ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەستىنلا مۇشۇ ئىككى مەشغۇلات سىستېمىدا ئىجرا بولىدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

**تۆتىنچى، كۆپ خىل سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قوللايدۇ.**

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىنىڭ مەخسۇس سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بۆلىكى بولۇشتىن باشقا، نۆۋەتتە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىۋاتقان SQL، Access، MySQL قاتارلىق سانلىق مەلۇمات ئامبارلىرىنى تولۇق قوللايدۇ.




**بەشىنچى، مەخسۇس خەنزۇچە كىرگۈزۈش ئىقتىدارى بار.**

مەشغۇلات سىستېمىسىدىكى كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللىغاندىن باشقا، ئۆزىدىمۇ مەخسۇس خەنزۇچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى بار بولۇپ، تېز سۈرئەتتە خەنزۇچە كىرگۈزۈشتە كۆپ ياردىمى بار.

**ئالتىنچى، كۆرۈنۈشلۈك پروگرامما تۈزۈش ئۇسۇلى ئىشلىتىلگەن.**

ئۇيغۇر تىلدا پروگرامما تۈزۈش پۈتۈنلەي كۆرۈنۈشلۈك(可视化) ھالەتتە بولۇپ، ناھايىتى قولايلىق. ھەتتا پروگراممىنى تەكشۈرۈش(调试) باسقۇچلىرىمۇ ئىنتايىن تەسۋىرلىك كۆرسىتىلىدۇ.



**تور بېكەت ئادرېسى:**

http://www.dywt.com.cn

# مائۇس تەگلىكىڭىز قانداق رەڭدە؟

مائۇس مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى نەتىجىسىدە، بۇرۇنقى ئاستىدا رېزىنكە شارەكچىسى بار مىخانىكىلىق مائۇسنىڭ ئورنىنى ئوپتىك مائۇس ئىگىلەشكە باشلىدى. بىراق، يېقىندىن بېرى كۆرۈۋتۇش جەريانىدا بەزى يېڭىدىن كومپيۇتېر سېتىۋالغانلار ھەتتا كومپيۇتېر بىلەن خېلى ئۇزۇن ھەپىلەشكەنلەر ئارىسىدىمۇ مائۇس تەگلىكى ئىشلەتمەيدىغان ئەھۋالنىڭ كۆپلىكىنى، بەزى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ قانداق تۈردىكى مائۇس تەگلىكى ئىشلىتىشنى ئۇقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

شۇ سەۋەبتىن، كۆپ يىللىق مائۇس ئىشلىتىش تەجرىبەمگە ئاساسەن مائۇس تەگلىكىنى قانداق تاللاش توغرىسىدىكى ئويلىغانلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. تەگلىك تاللاشتا پايدىسى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئوپتىك مائۇس ئاستىدىن بىر دەستە نۇر تەگلىككە چۈشكەندىن كېيىن، بۇ نۇر مائۇس تەگلىكىدىن قايتىپ مائۇس ئاستىدىكى نۇر سەزگۈچى كۆزگە چۈشىدۇ. نۇر سەزگۈچى كۆز يۆتكىلىش جەريانىدىكى ھەرىكەت ئىزىنى كومپيۇتېرغا يوللاپ بېرىدۇ. مائۇس مانا مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا ئورۇن بەلگىلەيدۇ. ئوخشىمايدىغان رەڭنىڭ نۇر قايتۇرۇش ئىقتىدارىمۇ ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، گۈللۈك تەگلىك ئىشلەتكەندە مائۇس ئىسترېلكىسىنىڭ قالايمىقان قېچىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. مائۇس تەگلىكى رەڭگىنىڭ بەك ئوچۇق بولۇشىمۇ مائۇس ئىسترېلكىسىنىڭ تىترىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.



مائۇسنى تەگلىكى ئىشلىتىلمەستىن بىۋاستە پارقىراق جوزا يۈزىدە ھەرىكەتلەندۈرگەندە ئىسترېلكىسى ناھايىتى تەستە يۆتكىلىدۇ ھەم سەكرەش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئەگەر جوزا ئەينەكتىن ياسالغان، نۇر ئۆتكۈزىدىغان بولسا ئىسترېلكا پەقەتلا ماڭمايدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ.

ئادەتتە قېنىق كۆك رەڭ، قارا رەڭ، قىزىل رەڭنى نۇر قايتۇرۇش ئالاھىدىلىكى ئەڭ ياخشى بولغان رەڭلەر دەپ قارايمىز. شۇڭلاشقا تەگلىك سېتىۋالغاندا ئامال بار پۈتۈنلەي كۆك، قارا، قىزىل رەڭلىك تەگلىك سېتىۋالغان ياخشى. ساپ ئاق رەڭلىك، رەسىملىك ۋە بەزى ئېنىق رەڭلىك(مەسىلەن، سېرىق) تەگلىك سېتىۋالماقچى بولسىڭىز ئەڭ ياخشىسى مائۇسىڭىزدا سىناپ كۆرۈڭ.

ھازىر بازاردا قېنىق كۆك رەڭلىك رەخت بىلەن ئورالغان مائۇس تەگلىكلىرى خېلى كۆپ. باھاسى بەش يۈەندىن ئون يۈەنگىچە بولۇپ، ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ناھايىتى ياخشى تاللىشى ھېسابلىنىدۇ. بەزى دەرىجىسى يۇقىرىلىرىنىڭ (مەسىلەن، Rantopad، مىكروسوفتنىڭ رەخت بىلەن ئورالغان چوڭ مائۇس تەگلىكى) باھاسى 20 يۈەندىن 50 يۈەنگىچە بولۇپ، ماركىلىك نەرسىلەرنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدىغانلارغا ماس كېلىدۇ. كىچىك بالىلار، ياشلار ھەرخىل كارتون سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن رەڭدار نەرسىلەرگە قىزىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بازاردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش رەسىملىك، رەڭدار مائۇس تەگلىكلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. لېكىن، مائۇسىڭىز ناھايىتى ياخشى مائۇس بولمىسا، بۇنداق تەگلىكلەردە يۇقىرىدا بىز سۆزلىگەندەك سەكرەش، ماڭماسلىق مەسىلىلىرى كۆرۈلىدۇ. شۇڭلاشقا سېتىۋېلىشتىن ئىلگىرى سىناپ كۆرۈشنى ئۇنۇتماڭ.




ئۇنىڭدىن باشقا، ئەينەك ۋە ئاليۇمىندىن ئىشلەنگەن يۇقىرى باھالىق تەگلىكلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ باھاسى ئادەتتە 150 يۈەندىن يۇقىرى. بىراق مائۇسلارنىڭ ھەممىسىلا بۇنداق تەگلىكتە ياخشى ئىشلىشى ناتايىن. بەزى مائۇسلار بەكلا تەگلىك تاللايدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئاليۇمىن تەگلىكتە ئىسترېلكا سەكرەش مەسىلىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. بەزى قولى تەرلەيدىغان كىشىلەر ئەينەكتىن ياسالغان تەگلىك ئىشلەتكەندە تەر تامچىلىرىنىڭ ئەينەك تەگلىكتە قېلىش سەۋەبىدىن مائۇس ئىسترېلكىسىدا قالايمىقان يۆتكىلىش مەسىلىسى كۆرۈلىدۇ. گەرچە بۇ ئايرىم ئەھۋاللار بولسىمۇ، يەنىلا بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئادەتتە بازاردا سۇلياۋدىن ياسالغان مائۇس تەگلىكلىرى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق تەگلىكلەرنىڭ ئىككى يۈزى ئوخشىمايدىغان لايىھىلەنگەن (بىر يۈزى قوپاللىراق يەنە بىر يۈزى سىلىق) بولغاچقا، ئىشلەتكۈچىلەرنى تېخىمۇ كەڭ تاللاش مۇھىتى بىلەن تەمىنلىگەن. باھاسىمۇ ئەرزان بولۇپ، ئالىي دەرىجىلىكلىرىنىڭ باھاسى 90 يۈەن ئەتراپىدا. بىراق سۇلياۋدىن ياسالغان تەگلىك قاتتىق بولغاچقا، مائۇس بىلەن سۈركىلىش جەريانىدا تېزلا ئۇپرايدۇ ھەم مائۇسنىڭ ئاستىنىمۇ ئۇپرىتىدۇ. بولۇپمۇ كومپيۇتېر ئويۇننى كۆپ ئوينايدىغانلار ئۇچۇن تېخىمۇ شۇنداق.

نۆۋەتتە بازاردا ئۇچرايدىغان مائۇس تەگلىكلىرى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك بىر قانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بار. سېتىۋالغاندا مائۇسىڭىزنىڭ دەرىجىسى ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ئېھتىياجى بويىچە تاللاپ سېتىۋالسىڭىز بولىدۇ.

**دىققەت: مەيلى قايسى تەگلىك ئىشلىتىڭ، بىر مەزگىلدىن كېيىن مەينەت بولىدۇ. بۇ مائۇس ھەرىكىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ بۇ ئەھۋال رەخت بىلەن ئورالغان تەگلىكتە كۆپ كۆرۈلىدۇ. شۇڭلاشقا قەرەللىك يۇيۇپ، تازىلاپ تۇرۇشنى ئۇنۇتماڭ.**



# ئىزدەش يۇمشاق دېتالىنىڭ ھوزۇرىنى بىرلىكتە سۈرەيلى

ماھىرە ھېۋزۇللا

ئەگەر سىز بۇرۇن مەندىن «كومپيۇتېرىدىكى مەلۇم ھۆججەتنىڭ ئورنىنى قانداق قىلىپ تېز سۈرئەتتە تېپىپ چىقالايمىز؟» ـ دەپ سورىغان بولسىڭىز « Windows نىڭ ھۆججەت ئىزدەش ئىقتىدارىنى ئىشلىتىڭ» ـ دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. لېكىن ھازىر سورىسىڭىز خوشاللىق بىلەن «ھەقسىز ئىزدەش يۇمشاق دېتالىنى ئىشلىتىڭ!» ـ دېگەن جاۋابنى بېرىمەن.

چۈنكى يېقىندا بىر قانچە ئىزدەش تور بېكەتلىرى(搜索网站) مەخسۇس كومپيۇتېردىكى ھۆججەت ۋە ئۇچۇرلارنى ئىزدەيدىغان يۇمشاق دېتال تۈزۈپ ھەقسىز تارقاتتى. بۇ يۇمشاق دېتاللارنىڭ ھەر خىل ھۆججەتلەرنى ئىزدەش ئىقتىدارلىرى كۆپ، سۈرئىتى تېز، قولايلىق بولغاچقا تېزدىنلا پۈتۈن دۇنيا دائىرىسىدە قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. باشقا ئىزدەش تور بېكەتلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزىنىڭ ئىزدەش يۇمشاق دېتاللىرىنى ئىشلەپ تارقىتىشقا باشلىدى. كومپيۇتېر ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ تاللاش دائىرىسىمۇ كېڭەيدى. شۇ سەۋەبتىن مۇشۇنداق ئىزدەش يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ ئېرىشىش يوللىرى ۋە بەزى ئىقتىدارلىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاق پايدىلىنىشنى توغرا تاپتىم.

(بۇ خىل يۇمشاق دېتال خەنزۇچە 桌面搜索، ئىنگلىزچە Desktop Search دەپ ئاتىلىدۇ)

## كوپېرنىك ئىزدەش قورالى (Copernic)

بۇ يۇمشاق دېتال Word، Excel، PowerPoint ھۆججەتلىرى، PDF ھۆججىتى، Outlook دىكى ئېلخەت ھۆججىتى، ھەرخىل ئاۋاز ھۆججەتلىرى ۋە كۆرۈنۈش ھۆججەتلىرىنى ئىزدىيەلىگەندىن باشقا تور بەت زىيارەت قىلغۇچىنىڭ تارىخىي خاتىرىلەر تىزىملىكى، ئادرېس دەپتىرى تىزىملىكلىرى ئىچىدىنمۇ ھەم كومپيۇتېر تورىدىكى تور بەتلەردىنمۇ ئىزدىيەلەيدىغان ھەقسىز يۇمشاق دېتال.



كوپېرنىك ئىزدەش قورالى ھۆججەتنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئىزدەش ئۈچۈن بىز ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمىزدا ھۆججەتلەرنىڭ تەرتىپ جەدۋىلىنى قۇرۇۋالىدۇ. يېڭى ھۆججەت قۇرغان ۋاقتىمىزدىمۇ دەرھاللا شۇ تەرتىپ جەدۋىلىگە كىرگۈزىدۇ. ئىزدەش ئۇسۇللىرىمۇ كۆپ خىل بولۇپ، ھەرخىل لوگىكىلىق ئەمەللەر ئارقىلىقمۇ ئىزدەشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ھەم(AND)، ياكى(OR)، ئەمەس(NOT)؛

كوپېرنىك ئىزدەش قورالىنى ئىشلىتىش ئوڭاي، يۇقىرىقىدەك مۇكەممەل ئىقتىدارلىق مەخسۇس ئىزدەش كۆزنىكىدىن باشقا، مەشغۇلات سۈرئىتىنى تېزلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ ۋەزىپە رامكىسىغىمۇ ئىزدەش تالچىسىنى قوشۇپ قويغان.




كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسىغا بولغان تەلىپى:

Windows98/ME/2000/XP/2003

سىغىمى: 2.3 مېگابايت

توردىن چۈشۈرۈش ئادرېسى:

http://www.copernic.com/en/products/index.html

## گۇگول ئىزدەش قورالى (Google)

گۇگول ئىزدەش قورالى خۇددى تور بەت مەزمۇنىنى ئىزدىگەنگە ئوخشاش، بىز كىرگۈزگەن ئاچقۇچلۇق سۆزنى كومپيۇتېرىمىزدىن ئىزدەپ تور بەت زىيارەت قىلغۇچىتا كۆرسىتىدۇ.





گۇگۇل ئىزدەش قورالىنى كومپيۇتېرغا قاچىلىغاندىن كېيىن، پروگراممىا كەينى سەھنىدە(后台) تۇرۇپ WORD، Excel، PowerPoint ھۆججەتلىرى، تېكست ھۆججىتى، پاراگىلىشىش يۇمشاق دېتاللىرىدىكى ئۇچۇرلار، زىيارەت قىلغۇچ ئارقىلىق زىيارەت قىلىنىپ ساقلانغان تور بېكەت مەزمۇنلىرى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن داۋاملىق ئاچقۇچلۇق سۆزلەر بويىچە تەرتىپ جەدۋىلى قۇرۇپ تۇرىدۇ. بىز مەلۇم ئاچقۇچلۇق سۆزنى ئىزدىگىنىمىزدە شۇ جەدۋەلدىن ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە تېپىپ زىيارەت قىلغۇچتا كۆرسىتىدۇ. (بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ ئىزدەش سۈرئىتى ھەقىقەتەنمۇ تېز. تور بەت زىيارەت قىلغۇچنى ئىشلىتىدىغان بولغاچقا ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى مەزمۇنلارنىمۇ ئىزدەشكە بولىدۇ)

بۇ يۇمشاق دېتال ھازىر تېخى سىناق نۇسخا(beta) ھالىتىدە بولۇپ، بەزى خاتالىقلار چىقىپ تۇرۇشى مۇمكىن. بىراق بۇ يۇمشاق دېتال داڭلىق ئىزدەش تور بېكىتى Google نىڭ يۇمشاق دېتالى بولغاچقا، ئۇزۇنغا قالماي مۇكەممەللىشىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىقتىدارلارنىڭ قوشۇلىشىدا گەپ يوق.

**كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسىغا بولغان تەلىپى:**

Windows2000(SP3)/XP/2003

**سىغىمى:** 447 كىلوبايت

**توردىن چۈشۈرۈش ئادرېسى:**

http://desktop.google.com

## مىكروسوفتنىڭ ئىزدەش قورالى (MSN Toolbar Suite)

مىكروسوفت شىركىتى MSN ئىزدىگۈچ تور بېكىتىنىڭ تور ۋە كومپيۇتېردىن ئىزدەش قورالى بولۇپ، كومپيۇتېر توردىن WORD، Excel ھۆججەتلىرى، ھەرخىل ئاۋاز، فىلىم ۋە رەسىم ھۆججەتلىرى، OutlookExpress ئېخەت ھۆججەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنلىرىغا نىسبەتەن ئىزدەش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارىدۇ. قوشۇمچە پروگراممىا قاچىلاش ئارقىلىق PDF ھۆججىتىنىمۇ ئىزدىيەلەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. بۇ قورالنىڭ پرىنسىپى گۇگۇل ئىزدەش قورالىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، Office ھۆججەتلىرى، رەسىم، ئاۋاز، فىلىم ۋە ئېخەت ھۆججەتلىرىنىڭ ئاچقۇچلۇق سۆز تەرتىپ جەدۋىلىنى قۇرىدۇ ھەم تور بەت زىيارەت قىلغۇچ ئىچىدە ئىزدەش ئېلىپ بارىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، كومپيۇتېرغا ساقلانغان تور بەت ھۆججەتلىرىنىڭ ئاچقۇچلۇق سۆز تەرتىپ جەدۋىلىنى قۇرمايدۇ.

بۇ يۇمشاق دېتال قاچىلانغاندىن كېيىن بايلىق باشقۇرغۇچ، زىيارەت قىلغۇچ ۋە Outlook كۆزنەكلىرىگە ئىزدەش كۇنۇپكىسى قوشۇلىدۇ.



MSN Deskbar دېگەن قوشۇمچە يۇمشاق دېتالنى قاچىلاش ئارقىلىق ۋەزىپە رامكىسىغىمۇ ئىزدەش كۆزنىكىنى چىقارغىلى بولىدۇ.



**كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسىغا بولغان تەلىپى:**

Windows2000/XP/2003

Internet Explorer 5.01

**سىغىمى:** 4.5 مېگابايت

**توردىن چۈشۈرۈش ئادرېسى:**

http://toolbar.msn.com

## ياخۇ ئىزدەش قورالى (Yahoo!)

بۇ يۇمشاق دېتالمۇ ئوخشاشلا باشقا ئىزدەش قوراللىرىغا ئوخشاش كومپيۇتېردىن ھۆججەت ۋە ئېخەتلەرنى ئىزدەش رولىنى ئوينايدۇ.

ياخۇ ئىزدەش قورالى نۇرغۇن ھۆججەت تىپلىرىنى قوللايدۇ. تېكست ھۆججىتى، تور بەت ھۆججىتى، WORD، Excel، PowerPoint ھۆججەتلىرى ۋە PDF، ئېخەت ھۆججەتلىرىدىن باشقا نۇرغۇن سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ھۆججەتلىرى ۋە DOS ھۆججەتلىرىنىڭ ئاچقۇچلۇق سۆز تەرتىپ جەدۋىلىنى قۇرىدۇ.



ياخۇ ئىزدەش قورالى گۇگولغا ئوخشاش تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى كۆرسەتمەيدۇ ھەم تور بەت زىيارەت قىلغۇچىنىمۇ ئىشلەتمەيدۇ. بەلكى ئۆزىنىڭ كۆزنىكىدە ئىزدەش ئېلىپ بارىدۇ. بىراق بۇ يۇمشاق دېتالدا ئىزدەپ تاپقان ھۆججەتنى تاللىغاندا، مەزمۇنىنى تەقلىدىي كۆرستىش، ئېخەت شەكلىدە ئەۋەتىش، پرىنتېردا بېسىپ چىقىرىش رولى بار.

**كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسىغا بولغان تەلىپى:**

Windows2000(SP3)/XP/2003

**سىغىمى:** 7.47 مېگابايت

**توردىن چۈشۈرۈش ئادرېسى:**

http://desktop.yahoo.com

## ئەسك جېۋس(جېۋىستىن سوراش) ئىزدەش قورالى (Ask Jeeves)

بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ سىغىمى ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن قاچىلانغاندىن كېيىن كومپيۇتېرىڭىزدىكى Office ھۆججەتلىرى، ئېخەت ھۆججەتلىرى، ئاۋاز ۋە سۈرەت ھۆججەتلىرىڭىزنى ئىزدىشىڭىزگە زور قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

بۇ يۇمشاق دېتال ئىزدەش مەشغۇلاتىنى ئۆزىنىڭ ئايرىم كۆزنىكىدە ئېلىپ بارىدۇ. كىرگۈزگەن ئاچقۇچلۇق سۆزنى پەقەت كومپيۇتېردىنلا ئىزدەپ قالماستىن، توردىنمۇ ئىزدىيەلەيدۇ. ئىزدەپ تاپقان نەتىجىنى تۈرگە ئايرىپ(رەسىم، ئاۋاز، Office ھۆججەتلىرى، ئېخەت قاتارلىقلار بويىچە) كۆرستىدۇ. ھەم تەقلىدىي كۆرستىش رولىغىمۇ ئىگە.



بۇ يۇمشاق دېتالمۇ ئوخشاشلا كومپيۇتېردىكى ھۆججەتلەرنىڭ ئاچقۇچلۇق سۆز تەرتىپ جەدۋىلىنى قۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئىزدەش ئېلىپ بارالايدۇ.

(بۇ يۇمشاق دېتال ھازىر تېخى سىناق نۇسخا ھالىتىدە بولۇپ، بەزى خاتالىقلار چىقىپ تۇرىشى مۇمكىن.)

**كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسىغا بولغان تەلىپى:**

Windows2000(SP3)/XP/2003

**سىغىمى:** 7.47 مېگابايت

**توردىن چۈشۈرۈش ئادرېسى:**

http://desktop.yahoo.com

## باشقا ئىزدەش قوراللىرى

**x-Friend ئىزدەش قورالى:** بۇ ئىزدەش يۇمشاق دېتالىنى گېرمانىيىدىكى x-dot GmbH شىركىتى Java تىلى ئارقىلىق تۈزۈپ چىققان بولۇپ، Windows، Linux، OS2، SUN، MAC قاتارلىق مەشغۇلات سىستېمىلىرىدىكى تور بەت زىيارەت قىلغۇچتا ئىشلەيدۇ. ھەرخىل رەسىم، ئاۋاز، كۆرۈنۈش ھۆججەتلىرى ۋە Office ھۆججەتلىرىنى ئاچقۇچلۇق سۆز ئارقىلىق ئىزدىيەلەيدۇ. (لوگىكىلىق ئەمەللەرنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ)

**توردىن چۈشۈرۈش ئادرېسى:**

http://www.x-friend.de/de/installation/download

**ISYS ئىزدەش قورالى:** بۇ يۇمشاق دېتال تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ئىزدەش يۇمشاق دېتالى بولۇپ، 1988-يىلىلا DOS مەشغۇلات سىستېمىسىدا ئىشلەيدىغان نۇسخىسى ئېلان قىلىنغان ھەم نۇرغۇن شىركەت ۋە ئورگان تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن.

ھازىرقى نۇسخىسىنىڭ ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك، 125 خىل ھۆججەت شەكلىنى قوللايدۇ، ھەتتا بىز كىرگۈزگەن سۆزنى رەسىم ھۆججەتلىرى ئىچىدىنمۇ (رەسىم ئىچىدىكى بېزەكلەرنى ئاپتوماتىك پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق) ئىزدەيەلەيدۇ. بىراق بۇ يۇمشاق دېتال ھەقسىز بولمىغاچقا، كەسپىي خادىملار ئارىسىدا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

**توردىن چۈشۈرۈش ئادرېسى:**

http://www.isysusa.com/products/desktop/index.html

**dtSearch ئىزدەش قورالى:** بۇ ئىزدەش قورالىمۇ خۇددى يۇقىرىدىكى ISYS ئىزدەش قورالىدەكلا كەسپىي ئىزدەش قورالى بولۇپ، كىرگۈزگەن تېكىستنى كومپيۇتېرىڭىزدىن ئىزدەيدۇ. كىرگۈزگەن سۆزنىڭ ئاھاڭداشلىقى، مەنىداشلىقى... قاتارلىقلار بويىچىمۇ ئىزدىيەلەيدۇ.

dtSearch نۆۋەتتىكى Windows ۋە NET. مۇھىتىدىن باشقا Linux دىمۇ ئىجرا بولىدىغان نۇسخىسى بار.

**توردىن چۈشۈرۈش ئادرېسى:**

http://www.dtsearch.com

**Blinkx ئىزدەش قورالى:** بۇ قورالنىڭ ئىزدىيەلەيدىغان ھۆججەت شەكىللىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، smartfolder دەپ ئاتىلىدىغان ئۆزگىچە تېخنىكا ئارقىلىق تېز سۈرئەتتە ئىزدەش نەتىجىسىنى كۆرستەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يۇمشاق دېتال نۆۋەتتىكى Windows ۋە MAC OS مەشغۇلات سىستېمىسىنى ناھايىتى ياخشى قوللايدىغان ئىزدەش يۇمشاق دېتالدۇر.

**توردىن چۈشۈرۈش ئادرېسى:**

http://www.blinkx.com/content/mirrors.php

**تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىزدەش قوراللىرى**

网络猪 — http://pig.zhongsou.com/index.htm

HotBot desktop — http://www.hotbot.com/tools/desktop

Enfish — http://www.enfish.com

Aduna Autofocus —http://aduna.biz/index.html

Viapoint —http://www.viapoint.com

# مىكروسوفتنىڭ زىيارەت قىلغۇچىغا ئېلان قىلىنغان رىقابەت

ئەسلى پروگراممىسى ئېچىۋېتىلگەن، كىچىك تىپتىكى تور زىيارەت قىلغۇچ «FireFox» ئېلان قىلىنغىلى ئۇزۇن بولمىدى. بۇ ھەقتىكى خەۋەر پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇچۇر ساھەسى ۋە تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ قىزىق تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئامېرىكىدىكى CNN، «سودا ۋاقىت گېزىتى»، ئەنگلىيىدىكى BBC دىن تارتىپ پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى يەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىغىچە بۇ ھەقتە خەۋەر بەردى. خەۋەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى «مىكروسوفتقا ئېلان قىلىنغان رىقابەت»، «FireFox مىكروسوفت بىلەن ئاخىرىغىچە ئېلىشىدۇ» ... دېگەندەك تېمىلاردا بېرىلدى.

بۇرۇنقى Netscape Navigator نىڭ ناھايىتى داڭلىق زىيارەت قىلغۇچ ئىكەنلىكىنى، كېيىن بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ مىكروسوفت Internet Explorer زىيارەت قىلغۇچى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىقىنى ئېھتىمال نۇرغۇن كىشى بىلىدۇ. FireFox زىيارەت قىلغۇچى دەل مۇشۇ Netscape Navigator نىڭ ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسى. تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغايدۇ؟ FireFox بۇرۇنقى شۇ نەتىجىنى ئۆزگەرتەلەمدۇ-يوق؟

## Navigator زىيارەت قىلغۇچى «ئىقتىدار مەسىلىسى» تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولدى.

كومپيۇتېر تورى دەسلەپتە ئومۇملاشقان ۋاقىتتىكى زىيارەت قىلغۇچ Mosaic ( يەنى كېيىنكى Navigator) يۇمشاق دېتالى بولۇپ (Navigator زىيارەت قىلغۇچى Mosaic نى ئۆزگەرتىش كىشىلەر قۇرغان Netscape شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتى)، مىكروسوفتنىڭ IE زىيارەت قىلغۇچى كېيىنرەك ئىشلەنگەن، ئىجرا بولۇش سۈرئىتى ئاستا ھەم ئىقتىدارىمۇ كەينىدە ئىدى.

ھازىرغىچە نۇرغۇن كىشى IE نىڭ بۇنداق چوڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى «مەشغۇلات سىستېمىسىغا قوشۇۋېتىلگەنلىكىدىن بولغان»-دەپ قارايدۇ. توغرا، بۇ نۇقتا IE نىڭ زىيارەت قىلغۇچ ساھەسىدە پۇت دەسسەپ تۇرۇشىنىڭ بىر سەۋەبى. لېكىن، مۇشۇ بىرلا نۇقتا IE نىڭ Navigator دىن ھالقىپ كېتىشىدىكى ھەل قىلغۇچ سەۋەب بولالمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، 90-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا Navigator گە نىسبەتەن ھېچقانداق ئۇگايسىزلىق يوق ئىدى. ھەرقايسى كومپيۇتېر زاۋۇتلىرى كومپيۇتېرغا زاۋۇتتىن چىققاندىلا Navigator نى قاچىلىغەتكەن، ھەرقايسى ژۇرناللاردىمۇ ئوپېتىك دىسكا ئارقىلىق ھەقسىز تەمىنلەنگەن بولۇپ، نۇرغۇن كارخانا ئورۇنلىرى ئۆزىنىڭ مۇقىم بېكىتىلگەن زىيارەت قىلغۇچى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن ئىدى.

ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئادەم ئاستا-ئاستا IE ئىشلىتىشكە كۆچىدۇ؟ بۇنى ھەرگىزمۇ مىكروسوفتنىڭ «ئىشلەش سۈرئىتى» نەتىجىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى مىكروسوفت IE دىن ئىشلەپ چىققاندىن كېيىن ئۈزلۈكسىز تۈردە نۇرغۇن ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ باردى. سۈرئىتى تېزلەشتۈرۈلگەندىن باشقا CSS قاتارلىق نۇرغۇن يېڭى تېخنىكىلارنى قوللاش ئىقتىدارى قوشۇلدى. لېكىن، Navigator نىڭ Windows مەشغۇلات سىستېمىسىدىن باشقا Unix ۋە Mac OS مەشغۇلات سىستېمىلىرىدا ئىشلەيدىغان نۇسخىسى بولغاچقا، كۈچ چېچىلىپ كەتتى. Netscape شىركىتىمۇ بۇ يۇمشاق دېتالنى مەشغۇلات سىستېمىسىغا ئوخشاش ئەڭ ئاساسلىق زىيارەت قىلغۇچ يۇمشاق دېتالى قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقتىن ھەجمى بەك چوڭىيىپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن ئىشلەتكۈچىلەر سۈرئىتى تېز، ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتقان IE نى ئىشلىتىشكە باشلىدى.

## پروگراممىچىلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە پەقەت ئەسلى پروگراممىنى ئاشكارىلاشلا كۇپايە قىلمايدۇ.

مىكروسوفت شىركىتى ھالقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن Linux نىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان پىلانىنى ئىشلىتىپ، جەمئىيەتتىكى كەڭ پروگراممىچى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ كۈچى ئارقىلىق كەم ئورۇننى تولدۇرماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن 1998-يىلى 4-ئايدا Mozilla دېگەن نامدا ئەسلى پروگراممىسى ئاشكارا تارقىتىلدى.

لېكىن بۇ قارار قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا شىركەتنىڭ ئىچكى خىزمىتىنى قالايمىقانلاشتۇرىۋەتتى. ئەزەلدىنلا ئىچكى قىسىمدا لايىھىلەنگەن پروگراممىنى سىرتتىكى پروگراممىچىلارغا ئۆگىتىش ئۈچۈن شىركەت خېلى كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. ئەسلى پروگراممىمۇ بەكلا چوڭ بولغاچقا، سىرتتىكى پروگراممىچىلار ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتتا ئاندىن پروگراممىنى كۆرۈپ چۈشىنەلەيتتى.

1998-يىلى 11-ئايدا AOL شىركىتى Netscape نى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن Navigator نىڭ ئېچىش سۈرئىتى تېخىمۇ ئاستىلاپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن IE نىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى بىراقلا 90% دىن ئېشىپ كەتتى.

Mozilla ئەسلى پروگراممىسى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، مەركىزى قىسىمنى تۈزگۈچى Jamie Zawinski شىركەتتىن ئايرىلدى. ئۇ ئايرىلىدىغان ۋاقىتتا ھەسرەت بىلەن «ئەسلى پروگراممىنى ئاشكارىلاش ئۇسۇلى ھەممىگە قادىر ئەمەس»-دېگەن سۆزنى قالدۇردى. 2003-يىلى

7-ئايدا AOL شىركىتى Mozilla ئېچىش گۇرۇپپىسىنى تارقىتىپ موزىللا فوندىسى (Mozilla Foundation) نى قۇردى ھەم ئىككى مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە قىلدى.

## بىخەتەرلىك مەسىلىسى تۈپەيلىدىن IE توسالغۇلارغا ئۇچراشقا باشلىدى.

مىكروسوفتنىڭ زىيارەت قىلغۇچى ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى. بىراق، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن IE دا بىخەتەرلىك مەسىلىسى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. 2001-يىلى 9-ئايدا IE نىڭ كەمچىلىكىدىن پايدىلىنىپ تارقىلىدىغان Nimda ۋىرۇسى بايقالغاندىن كېيىن ئۆزلۈكسىز ھالدا تېخىمۇ كۆپ ۋىرۇسلا بارلىققا كەلدى. بىخەتەرلىك جەھەتتىكى كەمچىلىكلەرمۇ داۋاملىق بايقالدى. بۇ ئەھۋال مانا تاكى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ.

قاراپ تۇرۇپلا زىيانغا ئۇچرىغان كىشىلەر ئاستا-ئاستا IE دىن بىزار بولۇشقا باشلىدى. بەزى بىخەتەرلىك مۇتەخەسسىلىرىمۇ IE دىن باشقا زىيارەت قىلغۇچ ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئىشلەتكۈچى Navigator، Opera... قاتارلىق باشقا زىيارەت قىلغۇچىلارغا كۆچكەنلىكتىن بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى بارغانسىرى چۈشۈشكە باشلىدى.

Mozilla فوندىسى Navigator نىڭ كەمچىلىكلىرىنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، ئاساسلىق تور بەت زىيارەت قىلىش ئىقتىدارىنىلا قالدۇرۇپ، كېيىنكى ئەۋلاد تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان FireFox نى 2004-يىلى 11-ئايدا ئېلان قىلدى. بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ توردىكى سۈرئىتى تېز، بىخەتەر، سىغىمىمۇ ئىنتايىن كىچىك بولغاچقا بىر ئاي ئىچىدىلا ئىشلەتكەنلەرنىڭ سانى نەچچە مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. 11-ئايدا IE نىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى 74% كە چۈشۈپ قالدى.

## مىڭلىغان پىدائىيلار قوشۇنى شەكىللەندى.

بىخەتەرلىك مەسىلىسى پاتقىقىغا پېتىپ قالغان IE نىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ئاستىلىدى. FireFox بولسا ئۆزلۈكسىز ھالدا كۆپ كۆزنەكلىك زىيارەت قىلىش ئىقتىدارلىرى قوشۇلۇپ، ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتۈشكە باشلىدى. لېكىن FireFox بۇ ھالەتنى داۋاملىق ساقلاپ قالامدۇ-يوق، تېخى ئېنىق ئەمەس.

Mozilla فوندىسىدا پەقەت نەچچە ئونلا پروگراممېچى خادىم بار. بىراق مىكروسوفت بولسا نەچچە يۈز مىڭ تەتقىقاتچىسى بار غايەت زور قوشۇن. مەبلەغ جەھەتتىمۇ ناھايىتى چوڭ پەرق بار. بۇ بىر مەيدان كۈچ جەھەتتىن بەسلىشىدىغان كەسكىن رىقابەت. ئۇنىڭدىن باشقا FireFox ئۈچۈن يەنىلا كۆپ مەشغۇلات سىستېمىسى ئۆتكىلى بار.

بىراق، Mozilla فوندىسى تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى Chris Hofmann نىڭ تەتقىقات ئەترىتىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچىسى بار. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، Mozilla فوندىسىدىن باشقا يەنە IBM، Sun، RedHat قاتارلىق شىركەتلەردىن كەلگەن 50 نەچچە خادىم تەتقىقات خىزمىتىگە قاتنىشىپتۇ، يەنە پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان نەچچە مىڭ پىدائىي پروگراممېچىلارمۇ بار ئىكەن.

Mozilla فوندىسىدىكى ئاساسلىق تەتقىقاتچىلار ئەترىتى تىزىملىكىگە (http://www.mozilla.org/owners.html) قارايدىغان بولساق، نۇرغۇن ئورۇننىڭ بۇ تەتقىقات خىزمىتىگە قاتناشقانلىقىنى بايقايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇرۇنقى قارىماققا ناھايىتى قالايمىقان كۆرۈنگەن پىلانىنىڭمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

ئېھتىمال ئوقۇرمەنلەر «مەيلى كۆپ كۆزنەكلىك زىيارەت قىلىش تېخنىكىسى بولسۇن ياكى پىدائىيلار قوشۇنى قۇرۇش پىلانى بولسۇن ھەممىسى باشقىلارنىڭ تېخنىكىسىغۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق، بۇنداق نۇرغۇن تېخنىكىلارنى يەنىلا پىدائىي پروگراممېچىلار قوشۇنى تۈزۈپ چىققان.

FireFox غا يەنە قوشۇمچە ئىقتىدار(插件) تېخنىكىسى قوللىنىلغان بولۇپ، كۆزنەك كۆرۈنۈشىنى ئۆزگەرتىش، تور بەتتىكى رەسىمنى چوڭايتىش، Google ئىخەت ساندۇقىنى تەكشۈرۈش، لۇغەت، ھاۋارايىدىن مەلۇمات... قاتارلىق 100 گە يېقىن قوشۇمچە ئىقتىدار بۆلەكلىرى بار.

## ئامما ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى.

FireFox نىڭ پىدائىيلار قوشۇنى تۈزگەن يەنە بىر تىجارەت پىلانى بولۇپ، بۇ پىلان http://www.spreadfirefox.com تور بېكىتىدە ئېلىپ بېرىلغان. ئىگىلىنىشىچە، «FireFox ئېلانىنى ‹نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى› نىڭ باش بېتىدە پۈتۈن بەت شەكلىدە بېرىش» مەقسەت قىلىنغان بۇ پىلانغا ھازىرغىچە 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە توپلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ھەرقايسى ئورۇنلاردا FireFox نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىلىشلىرى ئۆتكۈزۈلگەن.

FireFox نىڭ تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىشى ئۈچۈن تېخى نۇرغۇن توسالغۇلار بار ئەلۋەتتە. چۈنكى، ھازىرغىچە نۇرغۇن يۇمشاق دېتال ۋە تور قۇرۇلۇشلىرى IE ئاساس قىلىنىپ قۇرۇلغان بولغاچقا، FireFox چوقۇم IE بىلەن ياخشى ماسلىشالايدىغان بولۇشى كېرەك. يەنە كېلىپ FireFox نىڭ JavaScript، CSS قاتارلىق تېخنىكىلارنى قوللاش جەھەتتە IE بىلەن ناھايىتى چوڭ ئارىلىقى بار.

Chris Hofmann مۇ ھازىرغىچە نۇرغۇن ئىشلەتكۈچىنىڭ FireFox نىڭ ياخشى ماسلاشماسلىق مەسىلىسى تۈپەيلىدىن داۋاملىق IE نى ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى، ھەم بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىندىن بويان مىكروسوفتمۇ IE نى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تېخىمۇ يېڭى ئىقتىدارلارنى قوشۇش جەھەتتە زور كۈچ سەرپ قىلىۋاتىدۇ. ئېھتىمال ئۆزىنىڭ قالماي بىخەتەرلىكى ۋە ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان IE كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولۇشى تۇرغانلا گەپ. مىكروسوفتنىڭ ئىقتىدارىغا نىسبەتەن بۇ ھېچقانداق مەسىلە ئەمەس. (بەزى ئاڭلاتلارغا قارىغاندا، مىكروسوفت IE نىڭ Linux دا ئىشلىتىدىغان نۇسخىسى ئۈستىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ.)

قانداقلا بولمىسۇن بۇنداق رىقابەتنىڭ بولۇشى مىكروسوفت ئۈچۈنمۇ، Mozilla ئۈچۈنمۇ ھەم كەڭ كومپيۇتېر ئىشلەتكۈچىلىرى ئۈچۈنمۇ ياخشى ئىش. مەيلى قايسى تەرەپ يېڭىپ چىقسۇن، بىز يەنىلا بىخەتەرلىكى پۇختا، ئىقتىدارى مۇكەممەل بولغان زىيارەت قىلغۇچنى ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىمىز. بۇنداق بولۇشنى كىممۇ خالىمىسۇن؟

FireFox نىڭ توردىن چۈشۈرۈش ئادرېسى:

http://www.getfirefox.com

# Office دىكى رەسىم قوراللىرىنىڭ رولىغا سەل قارىماڭ

پىچان ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرىدىن ئۆمەرجان

سىز مەيلى Office دىكى Word نى ئىشلىتىڭ، ياكى PowerPoint نى ئىشلىتىڭ، رەسىم قىستۇرۇش مەشغۇلاتىنى بېجىرگەندە ئېكراندا رەسىم قورالى رامكىسى كۆرۈنىدۇ. (ئاستىدىكى رەسىم)



ئەگەر كۆرۈنمىسە كۆرۈنۈش(视图) تىزىملىكىدىكى قورال رامكىسى(工具栏) قىسمى تىزىملىكىدىن رەسىم(图片) تۈرىنىڭ ئالدىغا بەلگە قويۇش ئارقىلىق كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

بۇ قورال رامكىسى ئارقىلىق رەسىمگە نىسبەتەن ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان تەڭشەش مەشغۇلاتلىرىنى ناھايىتى ئوڭاي ئۇسۇلدا ھەل قىلىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، رەڭ ئۆزگەرتىش: كۆپ ۋاقىتلاردا Office قا قىستۇرۇلغان رەڭلىك رەسىمنى رەڭسىز رەسىمگە ياكى پەقەت ئاق ۋە قارا رەڭدىن تۈزۈلگەن رەڭسىز رەسىمگە ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا رەڭ شەكلىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان رەسىمنى تاللىغاندىن كېيىن قورال رامكىسىدىكى رەڭ(颜色) بەلگىسىنى(▮▮) بېسىپ، تىزىملىكتىن ئايلاندۇرماقچى بولغان رەڭ شەكلىنى تاللىسىڭىز بولىدۇ.



ئەسلىدىكى كۆرۈنۈش

رەڭسىز كۆرۈنۈش

ئاق ۋە قارىدىنلا تۈزۈلگەن رەڭسىز كۆرۈنۈش

تەگلىك شەكلىدە كۆرۈنۈش

ئەگەر رەسىم باشقا رەڭ شەكلىگە ئايلاندۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى رەڭ شەكلى ھالىتىگە قايتۇرماقچى بولسىڭىز رەسىمنى تاللاپ رەڭ شەكلىنى ئاپتوماتىك(自动) دەپ تەڭشەڭ.

ئىككىنچى، يورۇقلۇق ۋە ئېنىقلىقنى تەڭشەش: بەزى رەسىمنىڭ يورۇقلىقى ۋە ئېنىقلىقى تۆۋەن بولغانلىقتىن ياسىغان بەت ۋە ماتېرىياللىرىڭىزنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەگەر بۇ رەسىملەرنى مەخسۇس رەسىم بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتاللىرىدا بىر تەرەپ قىلسىڭىز ۋاقىت ئىسراپ بولىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا رەسىمنى تاللاپ قورال رامكىسىدىكى ئېنىقلىقنى ئاشۇرۇش(▮◐)، ئېنىقلىقنى تۆۋەنلىتىش(▮◑)، يورۇقلۇقنى ئاشۇرۇش(▮☼)، يورۇقلۇقنى تۆۋەنلىتىش(▮☼) قوراللىرى ئارقىلىق تەڭشىسىڭىز تېز ھەم ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

ئۈچىنچى، رەسىم قىرىدىكى كېرەكسىز ئورۇننى چىقىرىۋېتىش: سىز ھەر ۋاقىت كىرگۈزگەن رەسىمنى ئۆز پېتى ئىشلىتىمەن دېيەلمەيسىز. بەزىدە رەسىمنىڭ چوڭلۇقى ماس كەلمىگەنلىكتىن چوڭلۇقىنى تەڭشىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەشغۇلاتنى رەسىمنى تاللاپ تۆت ئەتراپىدىكى قارا رەڭلىك نۇقتىنى مائۇس ئارقىلىق ئوڭ ـ سول، ئاستى ـ ئۈستىگە تارتىش ئارقىلىق رەسىم چوڭلۇقىنى ئۆزگەرتىسىز. بىراق بەزىدە رەسىم ئىچىدىكى مەلۇم دائىرىنىلا ئىشلىتىشكە ياكى رەسىمنىڭ قىرىدىكى كېرەكسىز ئورۇننى چىقىرىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا رەسىمنى تاللاپ قورال رامكىسىدىكى كېسىش(载剪) قورالى(⊹) نى تاللىسىڭىز، رەسىمنىڭ تۆت ئەترايى قارا رەڭلىك قېلىن سىزىق بىلەن ئورۇلىدۇ. مائۇس ئارقىلىق تۆت ئەترايىدىكى سىزىقنى ئوڭ ـ سول، ئاستى ـ ئۈستىگە يۆتكىسىڭىز رەسىمنىڭ قىرى ئۆزگىرىدۇ (رەسىمنىڭ شەكلىگە تەسىر يەتمەيدۇ).



ئەسلىدىكى رەسىم

قىرى چىقىرىۋېتىلگەن رەسىم

دىققەت: قىرىنى چىقىرىۋېتىشتىن ئىلگىرى، رەسىمگە مەلۇم بىر ئوراش شەكلى(文字环绕) ئىشلىتىلگەن بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، تەگلىك رەڭگىنى چىقىرىۋېتىش: تەگلىك رەڭگى بىر خىل رەڭدا بولغان رەسىملەرنى ئىشلەتكەندە، تەگلىك رەڭگىنى يوقىتىۋېتىدىغان ئەھۋالغا ئۇچرايسىز. مۇشۇ ۋاقىتتا سىز رەسىمنى تاللىغاندىن كېيىن، قورال رامكىسىدىكى رەڭنى سۈزۈكلەشتۈرۈش(设置透明色) قورالى بېسىپ، رەسىم ئىچىدىكى سىز يوقىتىۋەتمەكچى بولغان رەڭنىڭ ئۈستىدە مائۇسنى باسسىڭىز شۇ رەڭ دەرھاللا يوقايدۇ.



بەشىنچى، تەگلىك رەڭگى چىقىرىۋېتىلگەن دائىرىگە رەڭ بېرىش: تۆتىنچى خىل ئۇقتىداردىن پايدىلىنىپ رەسىمدىكى مەلۇم خىل رەڭ سۈزۈۋېتىلگەن كېيىن، سىز شۇ دائىرىگە باشقا رەڭ تولدۇرالايسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئالدى بىلەن رەڭ سۈزۈۋېتىلگەن رەسىمنى تاللىغاندىن كېيىن، قورال رامكىسىدىكى رەسىم شەكلىنى بېكىتىش(设置图片格式)

قورالىنى(icon) تاللايسىز. بۇ ۋاقىتتا ئېكراندا بىر تەڭشەش كۆزنىكى كۆرۈنىدۇ. كۆزنەكتىكى رەڭ ۋە سىزىق(颜色与线条) تۈرىدىكى رەڭ تولدۇرۇش(填充颜色) تىزىملىكىدىن ئۆزىڭىزنى خالىغان رەڭنى ياكى باشقا خىل ئۈنۈمنى تاللىسىڭىز بولىدۇ.



ئالتىنچى، ئوراش شەكلىنى بېكىتىش: بەت ياسىغاندا يېزىق بىلەن رەسىمگە نىسبەتەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەم يېزىقنى مەلۇم رەسىمنىڭ ئەتراپىدا ھەرخىل شەكىلدە ئوراشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا رەسىمنى تاللاپ، قورال تىزىملىكىدىكى يېزىقنىڭ ئوراش شەكلى(文字环绕) قورالىنى(icon) تاللىسىڭىز ھەرخىل ئوراش شەكىللىرى تىزىملىكتە كۆرۈنىدۇ.



**ئوراش شەكىللىرىنىڭ رولى تۆۋەندىكىدەك:**

سىڭدۈرۈش شەكلىدە ئوراش(嵌入型) تۈزۈلىدا قىستۇرۇلغان رەسىم بىر ھەرپ-دەپ قارىلىپ، رەسىم قىستۇرۇلغان ئورۇندىكى ئابزاسنىڭ قۇر ئارىلىقى قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك ئارىلىقتىلا كۆرۈنىدۇ.(كەڭلىكى تۈز بېتىچە كۆرۈنىدۇ)

يېزىقنى رەسىمنىڭ تۆت ئەتراپىدىن ئايلىنىپ ئۆتىدىغان قىلىشتا تۆت ئەتراپنى ئوراش(四周型) تۈزۈلى ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر رەسىمنى يېزىقنىڭ ئۈستىدە ياكى ئاستىدا كۆرۈنىدىغان قىلماقچى بولسىڭىز ئايرىم-ئايرىم يېزىق ئاستىدا كۆرسىتىش (衬于文字下方) ۋە يېزىق ئۈستىدە كۆرسىتىش(浮于文字上方) نى ئىشلىتىڭ.

ئاستى-ئۈستىنى ئوراش(上下型环绕) شەكلىدە يېزىق رەسىمنىڭ ئاستى ۋە ئۈستى تەرىپىدىنلا ئايلىنىپ ئۆتىدۇ.

ئايلىنىش نۇقتىسىنى تەھرىرلەش(编辑环绕顶点) بۇيرۇقى ئارقىلىق رەسىمدىكى ئايلىنىش نۇقتىلىرىنى تەھرىرلەپ، يېزىقنى خالىغان شەكىلدە ئايلىنىپ ئۆتىدىغان قىلالايسىز.

يېقىن ئايلاندۇرۇش(紧密型环绕) بىلەن كېسىپ ئۆتۈش(穿越型环绕) شەكلىدىكى ئايلاندۇرۇش ئۇسۇللىرى پەقەت سىزىقلىق رەسىم(剪贴画) ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ.

يەتتىنچى، رەسىمنى ئۆرۈش: ئەگەر رەسىمنى مەلۇم يۆنۈلۈشتە ئۆرۈشىڭىزگە توغرا كەلگەندە، رەسىمنى تاللاپ قورال رامكىسىدىكى ئايلاندۇرۇش قورالى(icon) نى باسسىڭىز رەسىم سائەت ئىستىرىلكىسى يۆنۈلۈشىدە 90 گرادۇس ئايلىنىدۇ. يەنە بېسىلسا داۋاملىق سائەت ئىستىرىلكىسى يۆنۈلۈشىدە 90 گرادۇس ئايلىنىدۇ.




سەككىزىنچى، رەسىمنى رامكىغا ئېلىش: دەسلەپتە قىستۇرۇلغان رەسىمنىڭ ھېچقانداق رامكىسى بولمايدۇ. ئەگەر سىز رەسىمنىڭ ئەتراپىغا سىزىق سىزىپ رامكا پەيدا قىلماقچى بولسىڭىز، رەسىمنى تاللىغاندىن كېيىن قورال رامكىسىدىكى سىزىق شەكلى(线性) قورالىنى(icon) بېسىپ كۆرۈنگەن تىزىملىكتىن سىزىقنىڭ شەكلىنى تاللىسىڭىز بولىدۇ.



ئەگەر سىزىقنىڭ رەڭگىنى ۋە كەڭلىكلىرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز، تىزىملىكتىكى باشقا سىزىق شەكىللىرى(其他线性) تۈرىنى بېسىپ، كۆزنەكتىن سىزىق رەڭگى(线条颜色) ۋە سىزىق كەڭلىكى(线条粗细) ئارقىلىق تەڭشەيسىز.

توققۇزىنچى، رەسىمنى پىرىسلاش: ھۆججەتكە كىرگۈزۈلگەن رەسىم كۆپەيگەنچە ھۆججەتنىڭ سىغىمى بارغانسېرى چوڭىيىدۇ. بولۇپمۇ ئېنىقلىقى يۇقىرى بولغان رەسىمنى كىرگۈزسىڭىز تېخىمۇ شۇنداق. بىراق بەزى پەقەت ئېكراندىلا كۆرسىتىلىدىغان ماتېرىياللاردا رەسىمنىڭ ئېنىقلىقىغا ئانچە يۇقىرى تەلەپ قويۇلمايدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا رەسىمنى پىرىسلاپ سىغىمىنى كىچىكلىتىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن رەسىمنى تاللاپ قورال رامكىسىدىكى رەسىمنى پىرىسلاش(压缩图片) قورالىنى(icon)بېسىپ، كۆرۈنگەن كۆزنەكتىكى تور ۋە ئېكران ئېنىقلىقى(Web/屏幕) نى تاللاپ جەزملەشتۈرسىڭىز بولىدۇ. (ئەگەر ھۆججەتتىكى بارلىق رەسىمنى پىرىسلىماقچى بولسىڭىز كۆزنەكتىكى 文档中的所有图片 نى تاللاڭ)




ئونىنچى، رەسىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش: ئەگەر يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئۇسۇللار ئارقىلىق رەسىمنى ئۆزگەرتىپ بولغاندىن كېيىن، رەسىمنى يەنە قىستۇرغاندىكى ھالىتىگە پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئېھتىياجى بولۇپ قالسا، قورال رامكىسىدىكى رەسىمنى قايتىدىن تەڭشەش(重设图片) قورالىنى(icon) باسسىڭىزلا بولىدۇ.

**بۇ ئىقتىدارلارنى بىلىۋالسىڭىز Word ئارقىلىق بەت ياساشتا ۋە PowerPoint ئارقىلىق ھەرخىل ماتېرىيال ئىشلەشتە ناھايىتى چوڭ رولى بار.**

# Windows نىڭ مەخپىي نومۇرنى ئۇنتۇپ قالغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟

مالىيە-ئىقتىساد ئىنستىتۇتى چوگلار ماتارىيى بۆلۈمىدىن تۇمەرجان

بەزىدە ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن Windows2000/XP لاردىكى باشقۇرغۇچى(Administrator) مەخپىي نومۇرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئىشلار چىقىپ تۇرىدۇ. پەقەت باشقۇرغۇچى نامىدا مەشغۇلات سىستېمىسىدىكى نۇرغۇن تۈرلەرنى تەڭشىگىلى بولغاچقا(بولۇپمۇ تور تەڭشەكلىرى)، مەخپىي نومۇرنى ئۇنتۇپ قالساق نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ. ئۇزۇم مۇشۇ ئەھۋاللارغا كۆپ قېتىم يولۇققان بولغاچقا، مۇشۇنداق مەسىلىگە يولۇققاندا قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى بەزى ئاددىي تەجرىبىلىرىمنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

## بىرىنچى، SAM ھۆججىتىنى ئۆچۈرۈش

Windows2000 نىڭ مەخپىي نومۇرلىرى ئادەتتە مەشغۇلات سىستېمىسى قاچىلانغان رايوندىكى WinNT\System32\CONFIG دىگەن مۇندەرىجىدە SAM دىگەن ھۆججەتكە ساقلانغان بولىدۇ. (WindowsXP نىڭ بولسا Windows\System32\CONFIG)




ئەگەر سىز مەشغۇلات سىستېمىسىنى FAT ئۆلچىمىدە قاچىلىغان بولسىڭىز، مەخپىي نومۇرنى ئۇنتۇپ قالغاندا كومپيۇتېرنى بىۋاستە Windows98 نىڭ قوزغىتىش پروگراممىسىدا قوزغىتىپ، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مۇندەرىجىگە كىرگەندىن كېيىن SAM ھۆججىتىنى ئۆچۈرىۋېتىسىز. بۇيرۇقى تۆۋەندىكىدەك:

DEL SAM

بۇ ھۆججەت ئۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن سىستېمىدىكى باشقۇرغۇچى مەخپىي نومۇرى ئۆچۈپ كەتكەن بولىدۇ. كومپيۇتېرنى قايتا قوزغىتىپ مەخپىي نومۇر سورىغاندا (ئىشلەتكۈچى ئىسمى Administrator بولۇشى كېرەك) ھېچقانداق نومۇر كىرگۈزمەستىن بىۋاستە جەزىملەشتۈرۈش كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز سىستېمىغا كىرىدۇ. ئاندىن ئۆزىڭىز مەخپىي نومۇرنى قايتىدىن بېكىتىپ قويسىڭىزلا بولىدۇ.

ئەگەر سىستېمىنى NTFS ئۆلچىمىدە قاچىلىغان بولسىڭىز Windows98/ME لارنىڭ قوزغىتىش دىسكىسىدا قوزغىتىپ كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز قوزغىتىش دىسكىسىغا NTFS for DOS دىگەن يۇمشاق دېتالنى كۆچۈرۈپ كۆرگىلى بولىدىغان قىلغاندىن كېيىن ئاندىن يۇقىرىدىكى مەشغۇلاتى بويىچە SAM ھۆججىتىنى ئۆچۈرۈڭ.

ئەگەر قاتتىق دىسكىڭىزغا Windows2000/XP/2003 لارنىڭ خالىغانلىرى كۆپ سىستېما ھالىتىدە قاچىلانغان بولسا، كومپيۇتېرنى باشقا سىستېمىدا قوزغىتىپ، مەخپىي نومۇرنى ئۆچۈرمەكچى بولغان سىستېمىنى كۆرسىڭىزمۇ بولىدۇ. ياكى بولمىسا قاتتىق دىسكىڭىزنى Windows2000/XP/2003 قاچىلانغان باشقا كومپيۇتېرغا ئۇلاپ بىر تەرەپ قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ.

## ئىككىنچى، SAM ھۆججىتىدىن مەخپىي نومۇرنى ئىزدەش

بىرىنچى خىل ئۇسۇل ئوڭۇشلۇق بولمىسا ياكى سىز مەخپىي نومۇرنىڭ زادى قانچە ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز LC4 (ياكى LC5 بولسىمۇ بولىدۇ) دىگەن يۇمشاق دېتالغا ئېھتىياجلىق بولىسىز. بۇ يۇمشاق دېتال ئورتاق پايدىلىنىلىدىغان يۇمشاق دېتال بولۇپ، سىغىمى تۆت مېگابايت ئەتراپىدا. **توردىن چۈشۈرۈش ئادرېسى:**

http:// http://www.atstake.com/lc

ftp://dldl.pop895.com/hack/29659.zip

بۇ يۇمشاق دېتال مەخسۇس مەخپىي نومۇر يېشىدىغان يۇمشاق دېتال بولۇپ، مەشغۇلات سىستېمىسىغا كىرگەن ھالەتتە بارلىق ئىشلەتكۈچىنىڭ مەخپىي نومۇرىنى تاپالىغاندىن باشقا، خالىغان بىر SAM ھۆججىتىدىكى مەخپىي نومۇرلارنىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تېپىپ چىقالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەخپىي نومۇرنى ئۇنتۇپ قالغان سىستېمىدىكى SAM ھۆججىتىنى بىرىنچى خىلدا سۆزلىگەن ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ مەلۇم ئورۇنغا كۆچۈرىۋالسىڭىزمۇ، ياكى LC4 نى باشقا كومپيۇتېرغا قاچىلىغاندىن كېيىن مەخپىي نومۇرنى ئۇنتۇپ قالغان سىستېما بار قاتتىق دىسكىنىمۇ ئۇلاپ بىۋاستە كۆرسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەخپىي نومۇرنى ئېچىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن LC4 نى قوزغىتىپ ئىمپورت(Import) تىزىملىكىدىكى SAM ھۆججىتىدىن ئىمپورت قىلىش (Import from SAM file) بۇيرۇقىنى باسىسىز. ئاندىن SAM ھۆججىتىنى كۆرسىتىپ قويسىڭىز كۆزنەكتە دەرھاللا ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ تىزىملىكى كۆرۈنىدۇ. Session دىگەن تىزىملىكتىكى Begin Audit دىگەن بۇيرۇقنى باسسىڭىز ھەرقايسى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ مەخپىي نومۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.



## ئۈچىنچى، ئېكران قوغداش پروگراممىسى ئارقىلىق ئېچىش

Windows2000/XP لارنىڭ مەخپىي نومۇر كىرگۈزۈش تىزىملىكىدە ھېچقانداق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلماي بىر ئاز ۋاقىت ساقلىسىڭىز ئاپتوماتىك ئېكران قوغداش پروگراممىسى قوزغىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ۋاقىتتا ئېكران قوغداش پروگراممىسى قوزغالماي بۇيرۇق بېرىش ھالىتى ياكى بايلىق باشقۇرغۇچ（资源管理器）كۆزنىكى كۆرۈنسىچۇ؟ بۇ ۋاقىتتا ئەلۋەتتە net بۇيرۇقى ئارقىلىق ئىشلەتكۈچى مەخپىي نومۇرىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا ئېكران قوغداش پروگراممىسىنى ئورنىغا بۇيرۇق ھالىتى قوزغىلىدۇ؟

يۇقىرىدا بىز دېگەن ئېكران قوغداش پروگراممىسى سىستېما مۇندەرىجىسىدىكى system32 دېگەن قىسمىي مۇندەرىجىدە ساقلانغان، ھۆججەت نامى ئىسمى logon.scr بولۇپ، بۇ ھۆججەتنىڭ ئورنىغا cmd.exe دېگەن ھۆججەت ئىسمى ئۆزگەرتىلىپ logon.scr ھالىتىدە ساقلانسىلا بولىدۇ. ئاندىن مەخپىي نومۇر كىرگۈزۈش ھالىتىدە بىر ئاز ۋاقىت ساقلىسىڭىز بىۋاستىلا بۇيرۇق بېرىش كۆزنىكى ئېچىلىدۇ. كۆزنەكتە net user administrator دېگەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلسىڭىز مەخپىي نومۇر ئۆچىدۇ. ئاندىن كومپيۇتېرنى مەبپىي نومۇر يوقالغان سىستېمىدا قوزغىتىپ ھېچقانداق مەبپىي نومۇر كىرگۈزمەستىن جەزىملەشتۈرسىڭىز بولىدۇ.

**دىققەت: مەخپىي نومۇرنى ئۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن logon.scr نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قويۇشنى ئۇنۇتماڭ.**

## تۆتىنچى، يۇمشاق دېتال ئارقىلىق مەخپىي نومۇر ئۆزگەرتىش

Passware Kit Enterprise دېگەن يۇمشاق دېتال باشقۇرغۇچى مەخپىي نومۇرىنى ئاپتوماتىك ھالدا 12345 كە ئۆزگەرتەلەيدۇ.

بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ سىغىمى 2 مېگابايت ئەتراپىدا بولۇپ، تۆۋەندىكى ئادرېستىن چۈشۈرىۋالالايسىز.

http://www.LostPassword

يۇمشاق دېتالنى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن پروگرامما（程序）تىزىملىكىدىكى Passware تۈرى ئىچىدىن Windows XP-2000-NT Key دېگەن پروگراممىنى ئىجرا قىلىسىز. تۆۋەندىكىدەك كۆزنەك كۆرۈنگەن ۋاقىتتا قوزغاتقۇچقا قۇرۇق يۇمشاق دېسكىدىن بىرنى سېلىپ، كۆزنەكتىن داۋاملىق Next كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز مەخپىي نومۇرنى ئۆزگەرتىدىغان يۇمشاق دېسكا پۈتۈپ چىقىدۇ. (يۇمشاق دېسكىدا txtsetup.oem، winkey.sys، winkey.inf دېگەن ئۈچ دانە ھۆججەت بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمى 417 كىلوبايت)




ئاندىن مەخپىي نومۇرنى ئۇنتۇپ قالغان كومپيۇتېرنى Windows2000/XP نىڭ قاچىلاش ئوپتىك دېسكىسىدا قوزغىتىمىز. قاچىلاش پروگراممىسى ئىجرا بولغان ۋاقىتتىلا F6 كۇنۇپكىسىنى بېسىۋېلىپ ئۈچىنچى تەرەپ قوزغىتىش پروگراممىسىنى ئىشلىتىش（使用第三方驱动程序）تۈرىنى قوزغىتىمىز. ئاندىن يۇقىرىدا ھاسىل قىلغان يۇمشاق دېسكىنى سالساق مەبپىي نومۇر كۆزنىكىگە ئۆتۈپ، باشقۇرغۇچى مەخپىي نومۇرى 12345 كە ئۆزگىرىدۇ.

بۇ يۇمشاق دېتال ئارقىلىق Windows نىڭ مەخپىي نومۇرىنى ئۆزگەرتكىلى بولۇپلا قالماستىن، نۆۋەتتە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىۋاتقان Word، Excel، Access، RAR، ZIP قاتارلىق 20 نەچچە خىل ھۆججەتنىڭ مەخپىي نومۇرىنى تاپالايدۇ.

## بەشىنچى، توپلاشتۇرۇلغان بۇيرۇق شەكلىدە ئۆزگەرتىش

Windows2000/XP لاردا مەخپىي نومۇر كىرگۈزۈش كۆزنىكى چىقىشتىن بۇرۇن ئاپتوماتىك ئىجرا قىلىدىغان توپلاشتۇرۇلغان بۇيرۇق（脚本）ھۆججىتى بار (خۇددى DOS دىكى bat ھۆججىتىگە ئوخشاش). مۇشۇ ھۆججەتنىڭ ئىچىگە Net بۇيرۇقىنى يېزىش ئارقىلىق مەبپىي نومۇرنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. جەريانى تۆۋەندىكىدەك:

Windows98 نىڭ قوزغىتىش دېسكىسىدا قوزغاتقاندىن كېيىن ياكى قاتتىق دېسكىنى باشقا كومپيۇتېرغا ئۇلىغاندىن كېيىن مەخپىي نومۇرى ئۇنتۇلۇپ قالغان سىستېمىنىڭ تۆۋەندىكى مۇندەرىجىسىگە كىرىمىز. (ئەگەر بۇ مۇندەرىجە بولمىسا ئۆزىمىز قۇرۇپ قويساقمۇ بولىدۇ)

Windows\System32\GroupPlicy\Machine\Script\Startup

ئاندىن a.bat ھۆججىتىدىن بىرنى قۇرۇپ ئىچىگە تۆۋەندىكى بۇيرۇقنى يازىمىز.

```
Net user abc  123
```

بۇ بۇيرۇقنىڭ رولى abc دېگەن ئىشلەتكۈچىنىڭ مەخپىي نومۇرىنى 123 گە ئۆزگەرتىدۇ. بۇلارنى ئۆزىمىز خالىغان ئىشلەتكۈچىگە ئۆزگەرتسەكمۇ بولىدۇ.

يەنە شۇ مۇندەرىجە ئىچىگە scripts.ini ھۆججىتىدىن بىرنى قۇرۇپ ئىچىگە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى يازىمىز.

```
[Startup]
0CmdLine=a.bat
0Parametrs=
```

ئاندىن كومپيۇتېرنى قايتا قوزغاتقاندىن كېيىن مەخپىي نومۇر كۆزنىكى كۆرۈنگەندە abc ئىشلەتكۈچىنىڭ مەخپىي نومۇرىنى 123 دەپ كىرگۈزسەك سىستېمىغا كىرگىلى بولىدۇ.

**دىققەت: مەخپىي نومۇرنى ئۆزگەرتىپ بولغاندىن كېيىن يۇقىرىدىكى a.bat ۋە scripts.ini دېگەن ھۆججەتنى ئۆچۈرىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.**

ئىشىنىمىزكى، يۇقىرىدىكى سۆزلىگەن بەش خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، يوقىتىپ قويغان مەخپىي نومۇرىڭىزنى چوقۇم تاپالايسىز.

# جەدۋەلنى مۇنداق سىزساقمۇ بولىدۇ

Word ئارقىلىق كۆپ دانە جەدۋەل سىزغان ۋاقتىمىزدا ئاساسەن دېگۈدەك ئاستىدىن ئۈستىگە تەرتىپ بىلەن سىزىمىز. لېكىن بەزى چاغلاردا ئىككى جەدۋەلنى ئوڭ سولغا پاراللېل قىلىپ سىزىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق جەدۋەلنىڭ قانداق سىزىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

بۇ خىل جەدۋەلنى سىزىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئۇسۇلى بار.

### بىرىنچى، جەدۋەل سىزىقلىرىنى يوشۇرۇن قىلىش ئۇسۇلى.

بۇنىڭدا بىرلا جەدۋەل سىزىمىز. سىزغان جەدۋىلىمىزنىڭ ئىستون سانى ئىككى جەدۋەلنىڭ ئومۇمىي ئىستون سانىغا بىرنى قوشقانغا تەڭ. قۇر سانى ئىككى جەدۋەلنىڭ قايسىسىنىڭ قۇر سانى كۆپ بولسا شۇنىڭغا تەڭ.

مەسىلەن، بىرىنچى جەدۋەلنىڭ قۇر سانى بەش، ئىستون سانى تۆت. ئىككىنچى جەدۋەلنىڭ قۇر سانى ئالتە، ئىستون سانى ئۈچ. شۇڭلاشقا سىزماقچى بولغان جەدۋىلىمىزنىڭ قۇر سانى ئالتە، ئىستون سانى سەككىز بولىدۇ.

ئاندىن بىز ئىككى جەدۋەلنىڭ ئىستون سانىنى ئوڭ سولغا ئايرىپ ئوتتۇرىدىكى ئىستوننى پۈتۈنلەي تاللايمىز. (مەسىلەن، بەشىنچى ئىستوننى تاللايمىز.) ئاندىن شەكىل(格式) تىزىملىكىدىن سىزىق ۋە تەگلىك(边框和底纹) بۇيرۇقىنى باسساق جەدۋەل سىزىقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان كۆزنەك كۆرۈنىدۇ. كۆزنەكتىكى قىر سىزىقلىرى(边框) دېگەن تور ئىچىدىن توغرىسىغا سىزىلغان سىزىق بار كۇنۇپكىلارنى بىر قېتىمدىن بېسىۋەتسەك كۆتۈرۈلگەن ھالەتكە كېلىدۇ(تاللانمىغان ھالەتتە بولىدۇ). ئاندىن جەزىملەشتۈرۈش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ چېكىنسەك جەدۋەلنىڭ ئوڭ سولغا تىزىلغان ئىككى جەدۋەلگە ئايرىلغانلىقىنى كۆرىمىز.



«ئۇنداقتا قۇر سانى ئارتۇق بولۇپ قالغان جەدۋەلدىكى ئارتۇق قۇرلارنى قانداق قىلىمىز؟» - دېگەن سوئال چىقىشى مۇمكىن. بۇنى يۇقىرىدىكى ئۇسۇلغا ئوخشاش ھەل قىلىمىز. يەنى ئالدى بىلەن ئارتۇق كاتەكچىلەرنى تاللايمىز. ئاندىن يۇقىرىدىكى كۆزنەكنى ئېچىپ، ئىچىدىكى تەكشى سىزىلغان سىزىق ۋە تىك سىزىلغان سىزىقلارنىڭ رەسىمى بار كۇنۇپكىلارنى يەنە بىر قېتىم بېسىپ تاللانمىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويساقلا بولىدۇ.

### ئىككىنچى، قاتمۇ-قات جەدۋەل سىزىش ئۇسۇلى.

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئىستون سانى ئىككى، قۇر سانى بىر بولغان جەدۋەلدىن بىرنى سىزغاندىن كېيىن شۇ جەدۋەلنى تاللاپ، بىرىنچى خىلدىكى ئۇسۇل بويىچە بارلىق قىرلىرىدىكى سىزىقنى يوشۇرۇن قىلىۋېتىمىز. ئاندىن سول تەرەپتىكى كاتەكچىگە بىرىنچى جەدۋەلنى، ئوڭ تەرەپتىكى كاتەكچىگە ئىككىنچى جەدۋەلنى سىزساقلا بولىدۇ.



**دىققەت: يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئۇسۇلدا جەدۋەل قىرلىرى يوشۇرۇن قىلىنغاندىن كېيىن، WORD كۆزنىكىدە سۇس كۈلرەڭ ھالەتتە كۆرۈنۈشى مۇمكىن. لېكىن بۇ سۇس سىزىقلار جەدۋەلنى پرىنتېردا باسقاندا كۆرۈنمەيدۇ.**

### ئۈچىنچى، بەتنى ئىستونغا ئايرىش ئۇسۇلى.

ئەگەر بىرلا بەتكە سىزماقچى بولساق شەكىل(格式) تىزىملىكىدىكى ئىستون ئايرىش(分栏) بۇيرۇقى ئارقىلىق، قانچە دانە جەدۋەل سىزماقچى بولساق بەتنى شۇنچە ئىستونغا ئايرىپ، ھەر بىر ئىستونغا ئايرىم-ئايرىم سىزساقلا بولىدۇ.

### تۆتىنچى، تېكىست رامكىسى ئىشلىتىش ئۇسۇلى.

ئالدى بىلەن تېكىست رامكىسى(文本框) دىن بىرنى كىرگۈزۈپ، تېكىست رامكىسىنىڭ قىرنى قوش چېكىمىز. كۆرۈنگەن كۆزنەكتىكى رەڭ ۋە سىزىق(颜色与线条) دېگەن تور ئىچىدىكى سىزىق رەڭگى(线条颜色) نى رەڭسىز سىزىق(无线条颜色) شەكلىدە بېكىتىمىز.




ئاندىن تېكىست رامكىسى ئىچىگە بىرىنچى جەدۋىلىمىزنى سىزىمىز. ئوخشاش ئۇسۇلدا يەنە تېكىست رامكىسى سىزىپ، يۇقىرىدىكى ئۇسۇلدا بېكىتكەندىن كېيىن ئىككىنچى جەدۋەلنى سىزىمىز. جەدۋەلدىن قانچىنى سىزماقچى بولساق مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا داۋاملاشتۇرۇۋېرىمىز.



# كۆپ سىستېما قاچىلانغان كومپيۇتېردا ئۇچرايدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى

بۈگۈر ناھىيە دادولان بازار يېڭىباغ باشلانغۇچتىن سانىيە يۈسۈپ

بەزى كونا كومپيۇتېر ئۈسكىنىلىرىنىڭ ماسلاشماسلىقى، قىسمەن پروگراممىلارنىڭ نورمال ئىشلىمەسلىكى تۈپەيلىدىن بەزى ئىشلەتكۈچىلەر كومپيۇتېرىغا كۆپ خىل Windows مەشغۇلات سىستېمىسىنى قاچىلاپ ئىشلىتىۋاتىدۇ. لېكىن كومپيۇتېرغا كۆپ خىل مەشغۇلات سىستېمىسى قاچىلىغاندا ھەرخىل مەسىلىلەر چىقىپ، ئىشلەتكۈچىگە نۇرغۇن ئەپسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈۋاتىدۇ. تۆۋەندە تەجرىبىلىرىمگە ئاساسەن كۆپ ئۇچرايدىغان بىرقانچە مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدىكى تېخنىكىلارنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن.

**بىرىنچى خىل ئەھۋال: كومپيۇتېر قوزغىلىپ ئېكراندا رەسىمدىكىدەك ئۇچۇر چىقىپلا قېتىۋېلىش.**

```
Verifying DMA Pool Data......
```

**سەۋەبى:** بۇ مەسىلە ئاساسلىقى قاتتىق دېسكىدىكى قوزغىلىش رايونىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە قوزغىلىش رايونى خاراكتېرىدىكى ۋىرۇسنىڭ بۇزغۇنچىلىق سېلىشى تۈپەيلىدىن كۆرۈلىدۇ.

**ھەل قىلىش ئۇسۇلى:** بۇ مەسىلىنى قوزغىلىش رايونىنى قايتىدىن قۇرۇش ئارقىلىق ئوڭشىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كومپيۇتېرنى Windows98 نىڭ قوزغىتىش دېسكىسىدا قوزغىتىمىز. ئاندىن بۇيرۇق قۇرىدا تۆۋەندىكى بۇيرۇقنى كىرگۈزۈپ ئىجرا قىلغاندىن كېيىن كومپيۇتېرنى قايتا قوزغاتساقلا ئوڭشىلىدۇ.

Fdisk /MBR

**ئىككىنچى خىل ئەھۋال: كومپيۇتېر قوزغالغاندا ئېكراندا رەسىمدىكىدەك ئۇچۇر چىقىپ خالىغان كۇنۇپكا بېسىلسا قايتا قوزغىلىش ھەم بۇ جەريان قايتا-قايتا داۋاملىشىش.**

```
NTLDR is Missing
Press any key to restart
```

**سەۋەبى:** بۇ مەسىلە سىستېمىدىكى NTLDR ھۆججىتىنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى يوقاپ كېتىشىدىن كۆرۈلىدۇ.

**ھەل قىلىش ئۇسۇلى:** كومپيۇتېرىمىزغا قاچىلانغان Windows لارنىڭ ئىچىدىكى نەشرى ئەڭ يۇقىرى بولغىنىنىڭ قاچىلاش دېسكىسى ئىچىدىكى I386 مۇندەرىجىسىدىن NTLDR ھۆججىتىنى قاتتىق دېسكىنىڭ C رايونىغا كۆچۈرۈپ قويساقلا بولىدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، كۆچۈرگەن NTLDR چوقۇم كومپيۇتېرىمىزدىكى ئەڭ يۇقىرى نەشىردىكى Windows نىڭ ھۆججىتى بولۇش كېرەك. مەسىلەن، كومپيۇتېرىمىزغا Windows2000 بىلەن WindowsXP قاچىلانغان بولسا، بىز چوقۇم WindowsXP نىڭ قاچىلاش دېسكىدىكى NTLDR ھۆججىتىنى كۆچۈرىمىز.

**ئۈچىنچى خىل ئەھۋال: تىزىملىكتىن Windows2000/XP/2003 لارنىڭ قوزغىلىش نامىنى باسقاندىن كېيىن كومپيۇتېر ئاپتوماتىك قايتا قوزغىلىپ كېتىپ سىستېمىغا كىرەلمەسلىك.**

سەۋەبى: بۇ ntdetect.com پروگراممىسىدىن مەسىلە چىققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەل قىلىش ئۇسۇلى: شۇ قوزغالمىغان سىستېمىنىڭ قاچىلاش دېسكىسىدىكى ntdetect.com ھۆججىتىنى C رايونىغا كۆچۈرۈپ قويساق بولىدۇ.

**تۆتىنچى خىل ئەھۋال: يۇقىرى نەشىردىكى مەشغۇلات سىستېمىسى(مەسىلەن، Windows2003) قاچىلانغان كومپيۇتېرغا يەنە تۆۋەن نەشىردىكى Windows مەشغۇلات سىستېمىسى قاچىلىغاندا(مەسىلەن، Windows2000/XP) يۇقىرى نەشىردىكى مەشغۇلات سىستېمىسى Windows2003 نىڭ قوزغالماسلىقى.**

سەۋەبى: Windows2000/XP/2003 لارنىڭ ھەممىسى NTLDR ۋە ntdetect.com ھۆججىتى ئارقىلىق قوزغىلىدۇ. بۇ ئىككى ھۆججەتنىڭ يۇقىرى نەشرىدىكى نۇسخىسى تۆۋەن نەشرىنى ئىشلىتىدىغان سىستېمىدا نورمال ئىشلەيدۇ. بىراق تۆۋەن نەشرىدىكى نۇسخىسى يۇقىرىنى نەشرىنى ئىشلىتىدىغان سىستېمىدا ئىشلىمەيدۇ. يەنى Windows2003 نىڭ NTLDR ۋە ntdetect.com ھۆججىتى Windows2000/XP لاردا نورمال ئىشلەيدۇ. بىراق Windows2000/XP لارنىڭ بۇ ئىككى ھۆججىتى Windows2003 دە نورمال ئىشلىمەيدۇ. يۇقىرىدىكى مەسىلە دەل بىز قاچىلىغان تۆۋەن نەشىردىكى Windows نىڭ ئىككى ھۆججىتىنىڭ كومپيۇتېرىمىزدا بار بولغان يۇقىرى نەشىردىكى سىستېمىنىڭ ئىككى ھۆججىتىنى ئۆچۈرىۋەتكەنلىكىدىن بولغان.

ھەل قىلىش ئۇسۇلى: كومپيۇتېرىمىزغا قاچىلانغان يۇقىرى نەشىردىكى Windows نىڭ قاچىلاش دېسكىسىدىن NTLDR ۋە ntdetect.com ھۆججىتىنى C رايونىغا كۆچۈرۈپ قويساقلا بولىدۇ.

**بەشىنچى خىل ئەھۋال: كومپيۇتېر قوزغالغاندىلا كۆرۈنىدىغان كۆپ سىستېمىنىڭ تاللاش تىزىملىكى كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قېلىپ، كومپيۇتېر بىۋاستە C رايونىدىن قوزغىلىش(ئادەتتە Windows98 نى قاچىلىغاندا كۆرۈلىدۇ).**

سەۋەبى: بۇ كومپيۇتېردىكى boot.ini ھۆججىتى (قوزغىلىش تىزىملىكى ھۆججىتى) دىن بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى:

(1) يۇقىرى نەشىردىكى Windows نى يالغان قاچىلاش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. يالغان قاچىلاش دېگەنلىك يۇقىرى نەشىردىكى Windows نىڭ (مەسىلەن، Windows2000/XP/2003)

قاچىلاش دىسكىسىنى سېلىپ قاچىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىرىنچى قېتىم قايتا قوزغالغان ھامانلا F3 كۇنۇپكىسىنى بېسىپ قاچىلاش ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا boot.ini ھۆججىتى ئۆزگەرتىلىدۇ. ئاندىن قاتتىق دىسكىنىڭ C رايونىدىكى $ ھەرپىدىن باشلانغان ھۆججەت ۋە مۇندەرىجىلەر ئۆچۈرۈلىدۇ. (بۇ ئىسىمدىكى ھۆججەت ۋە مۇندەرىجىلەر سىستېما قاچىلاشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئۇچۇر يىغىش، كۆچۈرۈشنى تەييارلاش باسقۇچلىرىدا ئىشلىتىلگەن، بىرىنچى قېتىم قايتا قوزغالغاندىلا قاچىلاش جەريانى مەجبۇرى توختىتىلغان بولغاچقا بۇ ھۆججەت ۋە مۇندەرىجىلەر ساقلىنىپ قالغان)

ئاندىن boot.ini ھۆججىتى ئىچىدىكى قالدۇق ئۇچۇر ئۆچۈرۈلىدۇ. ھەم [boot loader] دېگەن تۈر ئىچىدىكى "default=" نىڭ كەينىدىكى قىممەت [operating system] تۈرى ئىچىدىكى ھەقىقىي بار بولغان سىستېمىنىڭ نامىغا ئۆزگەرتىپ قويۇلىدۇ.

تۆۋەندىكىسى boot.ini ئىچىدىكى قالدۇق ئۇچۇر (قاچىلىغان سىستېما ئوخشىمىسا بۇ ئۇچۇردىمۇ بەزى پەرق بولۇشى مۇمكىن):

"C:\$WIN_NT$.~BT\BOOTSECT.DAT="Microsoft WindowsXP Professional安装程序"

**(2)** كومپيۇتېرنى ئەڭ يۇقىرى نەشىردىكى Windows نىڭ قاچىلاش دىسكىسى بىلەن قوزغىتىپ، دەسلەپتە كۆرۈنىدىغان قارشى ئېلىش كۆزنىكىدىن R كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۇپىسى(恢复控制台) ھالىتىدە قوزغىتىمىز.




بۇ ۋاقىتتا پروگرامما ئاپتوماتىك ھالدا كومپيۇتېرىمىزغا قاچىلانغان مەشغۇلات سىستېمىسىنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن، قايسى سىستېمىغا تىزىملىنىپ كىرىدىغانلىقىمىزنى سورايدۇ. (سىستېمىلار قاچىلانغان مۇندەرىجە نامىدا كۆرۈنىدۇ. شۇڭلاشقا قايسى سىستېمىنىڭ قايسى مۇندەرىجىگە قاچىلانغانلىقى ئېسىمىزدە بولۇشى كېرەك)




قايسى سىستېمىنىڭ ئۈستىدىكى دىسكىدا قوزغاتقان بولساق شۇ سىستېما تۈرىنى تاللايمىز. ئاندىن شۇ سىستېمىدىكى باشقۇرغۇچى مەخپىي نومۇرنى كىرگۈزگەندىن كېيىن بۇيرۇق بېرىش ھالىتىگە كېلىدۇ.

بۇيرۇق بېرىش ھالىتىدە FIXBOOT دېگەن بۇيرۇقنى كىرگۈزۈپ ئىجرا قىلىمىز ھەم سورىغان سوئالىغا ھەئە(Y) دەپ جاۋاب بەرسەك قوزغىلىش رايونىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىدۇ.




ئاندىن بىز بۇيرۇق قۇرىدىن يەنە BOOTCFG /REBUILD دېگەن بۇيرۇقنى كىرگۈزۈپ، قوزغىلىش تىزىملىكىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىمىز. بۇ بۇيرۇق ئىجرا بولغاندا ئالدى بىلەن قاتتىق دىسكىنى تەكشۈرۈپ قانچە مەشغۇلات سىستېمىسى بارلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ. ئاندىن بىزدىن ھەر بىرسىنىڭ تىزىملىكتىكى ئىسمى(加载识别符) ۋە قوزغىلىش تەڭشىكى (加载选项) نى كىرگۈزۈشنى سورايدۇ. تىزىملىكتىكى ئىسمىنى ئۆزىمىز ئوڭاي پەرقلەندۈرىدىغان ئىسىمدا يازىمىز. قوزغىلىش تەڭشىكىنى تۆۋەندىكى شەرت بويىچە يازىمىز. مەسىلەن:

ئەگەر Windows2000/XP/2003 بولسا fastdetect دېگەن سۆزنى يېزىپ قويىمىز. ئەگەر Windows98/ME بولسا ھېچقانداق مەزمۇن يازماي بىۋاستە جەزملەشتۈرۈش كۇنۇپكىسىنى باسىمىز. ئاندىن كومپيۇتېرنى قايتا قوزغاتساق تاللاش تىزىملىكى ئەسلىگە كېلىدۇ.




**(3)** boot.ini ھۆججىتىنى قولدا تەھرىرلەش ئارقىلىقمۇ ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ ئۇسۇل ئىشلەتكۈچىنىڭ كۆپ سىستېما قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى بىلىمگە بولغان تەلەپ يۇقىرى بولغاچقا، دەسلەپ ئۆگەنگۈچىلەرگە تەس كېلىدۇ.



**ئالتىنچى خىل ئەھۋال: كومپيۇتېر قوزغاتقاندا كۆپ سىستېمىنىڭ تاللاش تىزىملىكى كۆرۈنۈپ، Windows98 سىستېمىسى تاللانغاندىن كېيىن ئېكراندا تۆۋەندىكىدەك خاتالىق ئۇچۇرى چىقىۋېلىش.**




**Windows98 نىڭ قوزغىتىش دىسكىسىدىن قوزغىتىپ :SYS C بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغاندىن كېيىن Windows98 نورمال قوزغىلىپ، كۆپ سىستېمىنىڭ تاللاش تىزىملىكى يوقاپ كېتىش.**

سەۋەبى: بۇ ئاساسلىقى Windows98 نىڭ قوزغىلىش پروگراممىسى bootsect.dos نىڭ بۇزۇلغانلىقى ياكى ئۆچۈپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. بۇ ھۆججەت Windows2000/XP/2003 لار تەرىپىدىن ئاپتوماتىك قۇرۇلىدىغان بولغاچقا، Windows98 ۋە باشقا سىستېمىلارنىڭ قاچىلاش دىسكىسىدىن كۆچۈرۈپ قويغىلى بولمايدۇ. (ئادەتتە ئالدى بىلەن Windows98 قاچىلىنىپ، ئاندىن يۇقىرى نەشردىكى Windows قاچىلىنىدىغان بولغاچقا، bootsect.dos ھۆججىتى Windows2000/XP/2003 تەرىپىدىن قۇرۇلىدۇ.)

ھەل قىلىش ئۇسۇلى: ئالدى بىلەن كومپيۇتېرنى Windows98 نىڭ قوزغىتىش دىسكىسى بىلەن قوزغىتىپ، :SYS C بۇيرۇقى بىلەن كومپيۇتېرنى قوزغىلىدىغان قىلىمىز. بۇ ۋاقىتتا كومپيۇتېر Windows98 ئارقىلىق نورمال قوزغىلىدىغان بولىدۇ. بىراق كۆپ سىستېمىنىڭ قوزغىلىش تىزىملىكى كۆرۈنمەيدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا بەشىنچى خىل ئەھۋالدىكى ھەل قىلىش ئۇسۇلىدا كۆرسىتىلگەن ئۇسۇلدا يۇقىرى نەشردىكى Windows نى يالغان قاچىلىساق بولىدۇ.

**يەتتىنچى خىل ئەھۋال: سىستېما قوزغىلالماسلىق سەۋەبىدىن Windows98 نىڭ قوزغىتىش دىسكىسىدىن :Format C بۇيرۇقىنى ئىشلىتىپ، قاتتىق دىسكىنى فورماتلىغاندىن كېيىن Windows98 نى قايتا قاچىلىغاندا تىزىملىك يوقاپ كېتىپ كۆپ سىستېمىنى ئىشلىتەلمەسلىك..**

سەۋەبى: بۇنىڭ سەۋەبى يەنىلا Boot.ini نىڭ ئۆچۈپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ..

ھەل قىلىش ئۇسۇلى: يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن يالغان قاچىلاش ئۇسۇلى ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۇپىسى شەكلىدە قوزغىتىپ FIXBOOT ۋە BOOTCFG_/REBUILD بۇيرۇقلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئوڭشىغىلى بولىدۇ.

**سەككىزىنچى خىل ئەھۋال: كۆپ سىستېما تىزىملىكىدىن تاللىغاندا تۆۋەن نەشردىكى Windows نىڭ نورمال ئىشلەپ، يۇقىرى نەشردىكى سىستېمىنىڭ ئىشلىمەسلىكى.**

سەۋەبى: NTLDR ياكى ntdetect.com ھۆججىتىنىڭ ئۆچۈپ كېتىشى ياكى بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ھەل قىلىش ئۇسۇلى: قاچىلانغان سىستېمىلار ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى نەشرىنىڭ قاچىلاش دىسكىسىدىن يۇقىرىدىكى ئىككى ھۆججەت C رايونىغا كۆچۈرۈپ قويۇلسا بولىدۇ.

**توققۇزىنچى خىل ئەھۋال: تىزىملىكتىن مەلۇم بىر سىستېمىنى تاللىغاندا ئېكراندا تۆۋەندىكىدەك ئۇچۇر چىقىۋېلىپ قوزغالماسلىق(كۆپىنچە Windows2000/XP/2003 لەردە كۆرۈلىدۇ).**




سەۋەبى: ئۇچۇردا كۆرسىتىلگىنىدەك hal.dll ھۆججىتىنىڭ ئۆچۈپ كېتىشى ياكى بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ھەل قىلىش ئۇسۇلى: كومپيۇتېرنى باشقا سىستېمىدا قوزغاتقاندىن كېيىن، قوزغالماس بولۇپ قالغان سىستېمىنىڭ قاچىلاش دىسكىسىنى ئوپتىك دىسكا قوزغاتقۇچقا سالىمىز. ئاندىن بۇيرۇق شەكلىدە شۇ قاچىلاش دىسكىدىكى I386 مۇندەرىجىسىگە كىرىپ تۆۋەندىكى بۇيرۇقنى بېرىمىز.

Expand X:\I386\hal.dl_ Z:\Windows\system32\hal.dll

(بۇ بۇيرۇق ئىچىدىكى X دېگىنى قاچىلاش دىسكىسىنىڭ رايونىنى، Z بولسا قوزغالماس بولۇپ قالغان سىستېمىنىڭ قاچىلانغان رايونىنى كۆرسىتىدۇ. بۇيرۇقنىڭ رولى قاچىلاش دىسكىسىدىكى hal.dl_ دېگەن پرېسلانغان ھۆججەتنى Z رايوندىكى Windows نىڭ system32 دېگەن مۇندەرىجە ئىچىگە hal.dll دېگەن ئىسىمدا ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بۇلدۇرىدۇ.)

بۇ مەشغۇلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كومپيۇتېرنى قوزغاتساق مەسىلە ئوڭشىلىدۇ. ئەگەر بۇيرۇق شەكلىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئاۋارىچىلىق كۆرسىڭىز WINRAR يۇمشاق دېتالىدا ئەسلىگە كەلتۈرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن WINRAR نى قوزغىتىپ ھۆججەت(文件) تىزىملىكىدىكى پرېسلانغان ھۆججەتنى ئېچىش (打开压缩文件) بۇيرۇقىنى تاللايمىز. ھۆججەت ئېچىش كۆزنىكىنىڭ ئاستىدىكى ھۆججەت شەكلى(文件类型) تىزىملىكىدىن بارلىق ھۆججەت(所有文件) نى تاللاپ، قاچىلاش دىسكىسىدىكى hal.dl_ ھۆججىتىنى ئاچىمىز. ئاندىن بۇيرۇق(命令) تىزىملىكىدىكى كۆرسىتىلگەن مۇندەرىجىگە ئەسلىگە كەلتۈرۈش(解压到指定文件夹) بۇيرۇقىنى بېسىپ قوزغالماس بولۇپ قالغان سىستېمىنىڭ ئىچىدىكى System32 مۇندەرىجىسىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن جەزىملەشتۈرسەكلا بولىدۇ.





# WindowsXP نىڭ قوزغىلىش رەسىمىنى ئۆزگەرتىش

WindowsXP نىڭ قوزغىلىش رەسىمىنى ئۆزگەرتىش تىلغا ئېلىنغان هامان كۆپىنچە ئىشلەتكۈچى BootXP، StyleXP قاتارلىق مەخسۇس پروگراممىلارنى ئويلايدۇ. ئۇنداقتا، بۇنداق پروگراممىلاردىن پايدىلانماي تۇرۇپ، باشقىچە ئۇسۇلدا ئۆزگەرتكىلى بولمامدۇ؟ تۆۋەندە قوزغىلىش رەسىمىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ ئوڭاي ۋە بىۋاستە ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەكچىمەن.

**تەييارلىق باسقۇچى:** قوزغىلىش رەسىمىنى ئۆزگەرتىشتە، ئەلۋەتتە رەسىمدىن بىرنى تەييارلاش كېرەك. بۇ رەسىمنىڭ چوڭلۇقى ۋە باشقا ئۆلچەملىرىگە چەكلىمە بار. مەسىلەن، رەسىمنىڭ كەڭلىكى 640 چېكىت، ئېگىزلىكى 480 چېكىت، رەڭ سانى 16 خىل، ئىسمى چوقۇم boot.bmp بولۇشى هەم Windows مۇندەرىجىسىدە ساقلىنىشى كېرەك.

**ئۆزگەرتىش باسقۇچى:** قوزغىلىش رەسىمنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن خاتىرە دەپتەر(记事本) پروگراممىسىدا C رايوندىكى boot.ini هۆججىتىنى ئاچىمىز.

boot.ini هۆججىتىنىڭ خاراكتېرى يوشۇرۇن هەم پەقەت ئوقۇشقىلا بولىدىغان(只读) هالەتتە بولغاچقا C رايوندا بىۋاستە كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا كومپيۇتېرىم(我的电脑) تىزىملىكىدىن C رايونغا كىرىپ، قورال(工具) تىزىملىكىدىكى مۇندەرىجە تەڭشىكى(文件夹选项) بۆلۈمىنى باسىمىز. كۆرۈنگەن كۆزنەكتىكى كۆرۈش(查看) دېگەن تۈر ئىچىدىن بارلىق هۆججەتنى كۆرسىتىش(显示所有文件和文件夹) دېگەننى تاللىغاندىن باشقا تۆۋەندىكى ئىككى تۈرنىڭ ئالدىدىكى تاللاش بەلگىسىنى چىقىرۋېتىمىز.

隐藏受保护的操作系统文件
隐藏已知文件类型的扩展名




بۇ ۋاقىتتا كومپيۇتېرىم كۆزنىكىدە boot.ini هۆججىتى كۆرۈنىدۇ. شۇ هۆججەتنىڭ ئۈستىدە مائۇس ئوڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، كۆرۈنگەن تىزىملىكتىن خاراكتېر(属性) بۆلۈمىنى تاللىغاندىن كېيىن، پەقەت ئوقۇشقىلا بولىدىغان(只读) دېگەن تۈرنىڭ ئالدىدىكى تاللاشنى چىقىرىۋېتىپ جەزىملەشتۈرىمىز.



ئاندىن كېيىن boot.ini هۆججىتىنى قوش چەكسەك خاتىرە دەپتەر پروگراممىسىدا ئېچىلىدۇ. بۇنىڭدىكى [operating systems] دېگەن تۈرنىڭ ئاستىدىن WindowsXP نىڭ قوزغىلىش تۈرىنىڭ كەينىدىكى fastdetect/ دېگەن تۈرنى تاپقاندىن كېيىن، كەينىگە ئۇلاپلا noguiboot/ bootlogo/ دېگەن ئىككى تۈرنى قوشۇپ قويىمىز.




ئاندىن ساقلاپ چېكىنگەن كېيىن كومپيۇتېرنى قايتا قوزغاتساق قوزغىلىش رەسىمى ئۆزگىرىدۇ.

**دىققەت: قوزغىلىش رەسىمنى يۇقىرىدىكى ئۇسۇلدا ئۆزگەرتكەندە WindowsXP نىڭ سۈرئەت تالچىسى(进度条) كۆرۈنمەيدۇ.**

**رەسىم قۇرۇش ئۇسۇلى:** قوزغىلىش رەسىمىنى تەھرىرلىگەندە Windows دىكى رەسىم سىزغۇچ(画图) قورالىنى ئىشلەتسەكمۇ بولىدۇ. بۇ يۇمشاق دېتالدا رەسىمنىڭ چوڭلۇقىنى رەسىم(图象) تىزىملىكىدىكى خاراكتېر(属性) بۆلۈمىنى تاللىغاندىن كېيىن، كۆرۈنگەن كۆزنەكتىكى كەڭلىك ۋە ئېگىزلىكى 640x480، بىرلىكى(单位) نى چېكىت(象素)

قىلىپ تەڭشەيمىز.




سىزىپ بولغاندىن كېيىن ھۆججەت(文件) تىزىملىكىدىكى ساقلاش(保存) بۇيرۇقىنى باسىمىز. ئاندىن كۆرۈنگەن كۆزنەكتىكى ساقلاش شەكلى(保存类型) تۈرىدىن 16 خىل رەڭلىك رەسىم(16色位图) نى تاللاپ ساقلىساق بولىدۇ.




ئەگەر رەسىمنى Photoshop دا سىزماقچى بولساق ھۆججەت قۇرغاندا كۆرۈنىدىغان كۆزنەكتىن ئالدىن بېكىتىلگەن ئۆلچەم(预设大小) ئىچىدىكى 640x480 نى، ئاستىدىكى رەڭ ئۆلچىمى(模式) دىن RGB نى تاللاپ رەسىم لايىھىلىسەك بولىدۇ.




رەسىمنى لايىھەلەپ بولغاندىن كېيىن رەسىم(图象) تىزىملىكىدىكى ئۆلچەم(模式) قىسمىي تۈرىدىن ئىندىكسلانغان رەڭ شەكلى(索引颜色) دېگەن بۇيرۇقنى باسىمىز.

چۈنكى بىزنىڭ قۇرماقچى بولغىنىمىز 16 خىل رەڭدىنلا تۈزۈلگەن رەسىم. بىراق RGB شەكلىدە ساقلىساق ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 65536 خىل رەڭدا ساقلايدۇ. ئېنىقكى بۇنداق ئۆلچەمدىكى رەسىمنى قوزغىلىش رەسىمى قىلساق Windows قوللىمايدۇ.

ئاندىن ئىندىكسلاش كۆزنىكىدىكى رەڭ تەڭشەش تاختىسى(调板) ئىچىدىن 局部 (可选择) دېگەن تۈرنى تاللىغاندىن كېيىن، ئاستىدىكى رەڭ سانىنى 16 گە ئۆزگەرتىپ جەزملەشتۈرىمىز.




ئاندىن ھۆججەت تىزىملىكىدىكى ساقلاش بۇيرۇقىنى باسىمىز. ھۆججەت ئىسمىنى بېكىتكەندىن كېيىن، ئاستىدىكى شەكىل(格式) تۈرىدىن bmp دېگەن تۈرنى تاللاپ جەزملەشتۈرسەك bmp ئۆلچەمدىكى رەسىمنىڭ تاللاش كۆزنىكى كۆرۈنىدۇ. كۆزنەكتىكى چوڭقۇرلۇقى(深度) تۈرىدىن تۆت خانە(4位) نى تاللاپ جەزملەشتۈرسەك رەسىم 16 خىل رەڭ ھالىتىدە ساقلانغان بولىدۇ.




**دىققەت: مەيلى قانداق يۇمشاق دېتالنى ئىشلىتىڭ، رەسىمنىڭ ئۆلچىمى چوقۇم 640x480، رەڭ سانى 16 خىل رەڭ بولۇشى كېرەك. ناۋادا بۇلارنىڭ ئىچىدە خالىغان بىرى ئوخشىماي قالسا قوزغىلىش رەسىمى كۆرۈنمەي قارا ئېكران كۆرۈنىدۇ.**

# فورمۇلا تەھرىرلىگۈچ يوق ئەھۋالدا ماتېماتىكىلىق ئىپادە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى

يەكەن ناھىيە 5-ئوتتۇرا مەكتەپ كومپيۇتېر ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدىن تۇرسۇنجان سولايمان

بەزى كىشىلەر Word دا فورمۇلا تەھرىرلىگۈچ(公式编辑器) قاچىلانمىغان بولسا ماتېماتىكىلىق ئىپادىلەرنى كىرگۈزۈشتە ناھايىتى قىينىلىدۇ. مەن بۇ يەردە فورمىلا تەھرىرلىگۈچ قاچىلانمىغان ھالەتتىمۇ بىر قىسىم ماتېماتىكىلىق ئىپادىلەرنى كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## 1. ھەرپ ئۈستىگە سىزىق چىقىرىش ئۇسۇلى

ماتېماتىكىلىك ئىپادىلەرنى كىرگۈزگەندە ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە سىزىق چىقىرىش كۆپ ئۇچرايدىغان ئىپادىلەرنىڭ بىرىدۇر.

مەسىلەن، $\overline{A+B}$ ، $\overline{ABC}$ ...

بۇنداق ئىپادىنى كىرگۈزۈشتە ئالدى بىلەن كونۇپكا تاختىسىدىن Ctrl+F9 كونۇپكىسىنى باسىمىز. بۇ چاغدا ئېكراندا { } دېگەن تىرناق كۆرۈنىدۇ. تىرناقنىڭ ئىچىگە EQ \x\to(A+B) دېگەن سۆزنى يازىمىز. ئاندىن مائۇسنى بىز يۇقىرىدا كىرگۈزگەن جۈملىلەرنىڭ ئۈستىدە ئوڭ كونۇپكىسىنى بېسىپ، تىزىملىك ئىچىدىن 切换域代码 دېگەن بۇيرۇقنى باساق كىرگۈزگەن سۆزلەر ئۈستىگە سىزىق سىزىلغان A+B دېگەن ئىپادىگە ئۆزگىرىدۇ.




ئەگەر سىزىقلىق ئىپادىگە ئايلىنىپ بولغان مەزمۇننى قايتىدىن ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان فورمۇلا ھالىتىگە ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز ئوخشاش ئۇسۇلدا مائۇس ئوڭ كونۇپكىسىنى سىزىقلىق ئىپادىنىڭ ئۈستىدە بېسىپ، كۆرۈنگەن تىزىملىكتىن يەنە بىر قېتىم 切换域代码 بۇيرۇقىنى باسساقلا بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدا كىرگۈزگەن EQ \x\to() فورمۇلاسىنىڭ رولى تىرناق ئىچىگە يېزىلغان ھەرقانداق ھەرپ ياكى سانلارنىڭ ئۈستىگە سىزىق چىقىرىشنى بولدۇرىدۇ.

## 2. كەسىر ئىپادىلىق سانلارنى چىقىرىش ئۇسۇلى

ماتېماتىكىدا كەسىرلىك ئىپادە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. گەرچە ئىككىنىڭ ئۈچكە نىسبىتى دېگەننى 2/3 ئارقىلىق ئىپادىلىگىلى بولسىمۇ، ماتېماتىكىلىق ئىپادە ئۆلچىمىگە چۈشمىگەچكە، كۆرۈپ چۈشىنىش قىيىن بولىدۇ. ھەتتا بەزى كىشىلەر پەقەتلا كۆرۈپ چۈشەنمەسلىكىمۇ مۇمكىن.

بۇ مەسىلىنىمۇ خۇددى بىرىنچى خىلدا كۆرسىتىلگىنى بويىچە فورمۇلا شەكلىدە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. مەشغۇلات ئۇسۇللىرى ئوخشاش. پەقەت فورمۇلاسىلا ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، ئىككىنىڭ ئۈچكە نىسبىتى دېگەن ئىپادىنى تۆۋەندىكى فورمۇلا ئارقىلىق ئىپادىلەيمىز.

EQ \f(2,3)

دىققەت: يۇقىرىدىكى فورمۇلانى ئالدى بىلەن Ctrl+F9 كونۇپكىسىنى بېسىپ كۆرۈنگەن چوڭ تىرناق ئىچىگە يېزىشنى ھەم يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۈستىدە مائۇسنىڭ ئوڭ كونۇپكىسىنى بېسىپ، ئىچىدىن 切换域代码 بۇيرۇقىنى تاللاشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

## 3. دەرىجىلىك ئىپادە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى

مەلۇم بىر سان ياكى ھەرپنى دەرىجە شەكلىدە يازماقچى بولساق، ئالدى بىلەن دەرىجىنىڭ ئاستىدىكى سان ياكى ھەرپنى يېزىۋالىمىز. ئاندىن Ctrl+F9 نى بېسىپ كۆرۈنگەن چوڭ تىرناق ئىچىگە دەرىجىسىنى EQ s\(2) شەكلىدە يازىمىز. مەسىلەن، X نىڭ ئۈچىنچى دەرىجە كۆرۈنۈشىنى يازماقچى بولساق ئالدى بىلەن X نى يېزىپ بولغاندىن كېيىن Ctrl+F9 نى بېسىپ دەرىجە فورمۇلاسىنى يازىمىز.

X{EQ \s(3)}

## 4. يىلتىزلىق ئىپادە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى

يىلتىزلىق ئىپادە كىرگۈزۈشنىڭ فورمۇلاسى EQ \r(x,y) شەكلىدە بولۇپ، x نىڭ ئورنىغا يىلتىزنىڭ دەرىجىسى، y نىڭ ئورنىغا يىلتىز ئاستىغا يېزىلىدىغان ئىپادە تولدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، ئۈچىنچى دەرىجىلىك يىلتىز ئاستىدىكى A+B نى تۆۋەندىكىدەك فورمۇلادا يازىمىز.

{EQ \r(3,A+B)}

**ئىپادىلەرنىڭ رولىنى چۈشەندۈرۈش**

EQ \x\to فورمۇلاسى سىزىقلىق ئىپادىنى كۆرسىتىدۇ.

EQ \f فورمۇلاسى كەسىر ئىپادىنى كۆرسىتىدۇ.

EQ \s فورمۇلاسى دەرىجىلىك ئىپادىنى كۆرسىتىدۇ.

EQ \r فورمۇلاسى يىلتىزلىق ئىپادىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر سان ۋە ھەرپلەر EQ x() شەكلىدە تىرناق ئىچىگە يېزىلسا، ئىچىگە يېزىلغان مەزمۇننىڭ ھەممىسى كاتەكچە ئىچىگە ئېلىنىدۇ.

**دىققەت: مەيلى قايسى ئىپادە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر EQ بىلەن كېيىندىكى بىرىنچى يانتۇ سىزىقنىڭ ئارىسىغا بوش ئورۇندىن قويۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. بولمىسا خاتالىق ئۇچۇرى كۆرسىتىلىدۇ.**



# كومپيۇتېرنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتۇشىدا ئىشلىتىلىشى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

تاھىر

تەنتەربىيە ھەرىكىتى ئاساسلىقى بەدەن ھەرىكىتىنى ۋاستە قىلغان بولۇپ، تەنتەربىيە نەزەرىيىسى تەنتەربىيە ئىلىم – پەن تەزەرىيىسىنىڭ تەشكىلىي قىسمى. بۇ تەنتەربىيەنىڭ رولى، تەنتەربىيەنىڭ مائارىپ فاكۇلتېتىدىكى تۇتقان ئورنى ئارقىلىق بەلگىلەنگەن. تەنتەربىيە ئىلىم – پەن نەزەرىيىسى پۈتكۈل تەنتەربىيە ئىلىم – پەن ساھەسىدىكى نەزەرىيە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يەكۈنلەپ ئىنكاس قىلىدۇ. ئۇ تەنتەربىيە ساھەسىدە ھەرقايسى جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىر مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدا ھالقىلىق رول ئوينايدىغان مائارىپ سېپىدە تەنتەربىيە ئايرىلماس بىر قىسىم بولۇپ، تۈرتكىلىك رول ئويناپ كەلمەكتە. مائارىپ ئىلىم – پەن نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا، تەنتەربىيە نەزەرىيىسىنى ئېلىمىز مائارىپ ۋەزىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مائارىپ ئىسلاھاتى جەريانىدىكى يېڭى تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلاھات ئارقىلىق تەنتەربىيە نەزەرىيىسىنىڭ يېشىمى ۋە مەزمۇنىنى تولۇقلاپ، مائارىپ ئىلىم – پەن قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان ئېلىمىز مەكتەپ تەنتەربىيە نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىش تولىمۇ مۇھىم.

تەنتەربىيەنىڭ مەكتەپتىكى رولى ئاساسلىق ئوقۇغۇچىلار بەدىنىنىڭ ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەن ساپاسىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت.

بىز تېخىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن قارايدىغان بولساق، كەسپىي تەنتەربىيە ۋە مەكتەپ تەنتەربىيە ھۆججەيرىسى تۆۋەندىكى ئالاقىدار پەنلەر بىلەن بىرىكىپ، بىر گەۋدە بولۇپ ئۆز كۈچىنى نامايەن قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، باشقۇرۇش ئىلمى، ئادەم ئاناتومىيىسى، ئادەم فىزىئولوگىيىسى، ساقلىقنى ساقلاش ئىلمى، ھەرىكەت بىئومېخانىكىسى، ھەرىكەت بىئوخىمىيىسى قاتارلىقلار.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، نۆۋەتتە ئۇنىڭغا كومپيۇتېر قوشۇلدى. ئۇ ئەمەلىيەتتىن كۆرسىتىشنىڭ، نەزەرىيەنى سۆزلەشنىڭ مۇھىم ئاساسى.

تەنتەربىيەدە ئەمەلىيەتتىن باشقا كۆرۈشمۇ ناھايىتى مۇھىم. شۇڭلاشقا مەكتەپ تەنتەربىيەسىدە ئوقۇغۇچىلارغا قۇرۇق سۆزلەشتىن ساقلىنىپ، ئامال بار ئۇلارغا كۆرسىتىش زۆرۈر.

مەن بۇ ئۇلۇغۋار مائارىپ سېپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ساپا يەنى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان ۋەزىپىسى. 21 ـ ئەسىردىكى بۈگۈنكى كۈندە ئىلغار ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تەنتەربىيە ئوقۇتۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئوخشاشلا مۇھىم. 2001 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، مەن 50 مېتىر قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈشنىڭ نەزەرىيىسىنى كومپيۇتېر ئارقىلىق ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش سىنىپىدا دەرس قىلىپ ئۆتتۈم. دەرستە كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ پەللىدىن چىقىش، پەللىدىن چىققاندىكى قەدەم تېزلىكى، يۈگۈرۈش جەريانىدىكى بەدەن ھالىتى، يىپ ئۈزۈش قاتارلىقلارنى رەڭدار ئېكراندىن پايدىلىنىپ قىزىقارلىق، ئۆلچەملىك قىلىپ ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزدۈم. يەنە داڭلىق يۈگۈرۈش چولپانلىرىنىڭ ئەڭ نادىر كۆرۈنۈشلىرىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، روھىي ئىدىيە جەھەتتە يېڭى ئىستەك، ئىرادە تۇرغۇزۇپ مۇۋاپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزۈمنىڭ ئوقۇتۇش تەلىپىمگە يەتتىم. تەنتەربىيە تەزىرىيىسىنى كومپيۇتېردا ئۆتۈش ئۆز تىرىشچانلىقىم ئارقىسىدا غەلىبىلىك روياپقا چىقتى. مەن ھەرقايسى ئوقۇتۇش سېپىدىكى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىغا بۇ خىل ئۇسۇلنى تەنتەربىيە ئوقۇتۇشىدا سىناپ كۆرۈشنى، مەيلى تەنتەربىيە ئوقۇتۇشى بولسۇن ياكى باشقا پەنلەر ئوقۇتۇشىدا بولسۇن، ھەرقايسى كەسىپداشلارنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى توختىتىپ قويماسلىقنى تەۋسىيە قىلىمەن.



# كومپيۇتېر سېتىۋېلىپ نېمە ئىش قىلىسىز؟

ھازىر بازاردا ئوخشىمىغان باھادىكى كومپيۇتېرلار كۆپ بولۇشتىن باشقا، قاتتىق دېتال سەپلىمىلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇنداق رەڭگارەڭ ماركا ۋە تىپلارنىڭ ئىچىدە كومپيۇتېر قاتتىق دېتالىنى تولۇق بىلمەن ـ دېگەن كىشىمۇ خاتالىشىپ قېلىشى ياكى ئالدىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا كومپيۇتېر ئېلىشتىن بۇرۇن جوقۇم بىرىنچى بولۇپ ئېھتىياجنى، يەنى زادى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقنى ئويلىشىش كېرەك. مەسىلەن، ئادەتتە ئۆيدە ئىشلىتىدىغان كومپيۇتېر ئۈچۈن سەپلىمىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان كومپيۇتېر سېتىۋېلىنسا، ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىغاندىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئىقتىسادمۇ ئارتۇق ئىسراپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپتە زادى نېمىگە ئىشلىتىشنى ئويلىشۋالساق كومپيۇتېر ئېلىشتىكى مەقسىدىمىزگە يەتكەندىن باشقا نۇرغۇن ئىقتىسادنىمۇ تېجەپ قالالايمىز.

ئىككىنچى بولۇپ ئويلىشىدىغىنىمىز يانچۇقىمىزدىكى پۇلىمىز بولىدۇ. يەنى شۇ قېتىملىق كومپيۇتېر سېتىۋېلىشتا زادى قانچىلىك پۇل چىقىرالايدىغانلىقىمىزنى ئويلىشىمىز.

تۆۋەندە كومپيۇتېرنى 3000 يۈەندىن 4500 يۈەنگىچە، 4500 يۈەندىن 6000 يۈەنگىچە، 6000 يۈەندىن 7500 يۈەنگىچە ۋە 7500 يۈەندىن يۇقىرى باھا بويىچە تۆت تۈرگە ئايرىپ، قانداق ئېھتىياجدىكى كىشىگە قايسى خىل باھادىكى كومپيۇتېرنىڭ ماس كېلىدىغانلىقىنى پايدىلىنىش سۈپىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتىمەكچى.

## بىرىنچى، كومپيۇتېر ئۆگىنىش ئۈچۈن كومپيۇتېر سېتىۋالىدىغانلار

بۇ تۈردىكى ئىشلەتكۈچىلەر كۆپىنچە مەشغۇلات سىستېمىسى، ئىشخانا يۇمشاق دېتاللىرى ۋە بەزى قورال يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلىتىدىغان بولغاچقا، كومپيۇتېرنىڭ سەپلىمىسىگە بولغان تەلەپ يۇقىرى ئەمەس. شۇڭلاشقا 3000 يۈەندىن 4500 يۈەنگىچە ئارىلىقتىكى كومپيۇتېر سېتىۋالسا مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇ پىلان ئىقتىسادى تۆۋەنرەك، لېكىن كومپيۇتېر ئۆگىنىش ئارزۇسى كۈچلۈك ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ماس كېلىدۇ.

## ئىككىنچى، خىزمەت ۋە ئوقۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن كومپيۇتېر سېتىۋالىدىغانلار

بۇ تۈردىكى كىشىلەر ئاساسەن ھازىر ئىشلىتىۋاتقان كومپيۇتېرى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالماي، سەپلىمىسى يۇقىرىراق كومپيۇتېر سېتىۋېلىشنى ئويلاشقانلار بولۇپ، ئىقتىسادى ئەھۋالىمۇ يامان ئەمەس. شۇڭلاشقا بۇلارغا 4500 يۈەندىن 6000 يۈەنگىچە كومپيۇتېر ماس كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا كومپيۇتېر كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك كەسىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغاچقا كومپيۇتېر مەشغۇلاتلىرىنى تېزدىنلا ئۆگىنىپ بولىدۇ ھەم بىر ئاز يۇقىرى سەپلىمە تەلەپ قىلىدىغان يۇمشاق دېتاللارنىمۇ ئىشلىتىپ ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆگىنىش داۋامىدا ئانچە ـ مۇنچە كومپيۇتېر ئويۇنى ئوينىشىمۇ تۇرغانلا گەپ. شۇڭلاشقا بۇ تۈردىكى ئىشلەتكۈچىلەرمۇ 4500 يۈەندىن 6000 يۈەنگىچە كومپيۇتېر سېتىۋالسا بولىدۇ.

## ئۈچىنچى، ئويۇن ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان، لايىھەلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى يۇقىرى سەپلىمە قوغلىشىدىغانلار

بۇ تۈردىكى كىشىلەرنى كومپيۇتېر جەھەتتىكى بىلىمى مەلۇم باسقۇچقا يەتكەن، كومپيۇتېر بازار ئەھۋالىدىنمۇ خەۋەردار بولغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا كۆپىنچىسى كومپيۇتېرلارنى ئۆزى قوراشتۇرىۋالىدۇ. ئەگەر ماركىلىق كومپيۇتېر سېتىۋالماقچى بولسا 6000 يۈەندىن 7500 يۈەنگىچە، ئىقتىسادى يار بەرسە ئۇنىڭدىنمۇ قىممەت كومپيۇتېرلارنى سېتىۋالسا بولىدۇ.

## تۆتىنچى، زاماننىڭ كەينىدە قېلىشنى خالىماي كومپيۇتېر سېتىۋالىدىغانلار

بۇ تۈردىكى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ كومپيۇتېر ساۋادى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. كومپيۇتېرنى پەقەت ئۆيگە چىرايلىق تىزىپ قويىدۇ. بەزىدە ئانچە ـ مۇنچە پاراڭلىشىش، كىنو كۆرۈش، تورغا چىقىش مەشغۇلاتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. كۆپىنچىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى. شۇڭلاشقا بۇ تۈردىكى كىشىلەر 4500 يۈەندىن 6000 يۈەنگىچە ئارىلىقتىكى كىرىستال ئېكرانلىق كومپيۇتېر سېتىۋالسا بولىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەر پەقەت ئېھتىياج ۋە ئىقتىسادنى تەڭ ئويلاشقان ئاساستا پايدىلىنىش ئۈچۈن بېرىلگەن پىلان خالاس. ئەگەر پۇل كۆپ بولسا ئەلۋەتتە قانچە قىممەتنى سېتىۋالسا كومپيۇتېرنىڭ ئىقتىدارىمۇ شۇنچە ياخشى، سۈرئىتىمۇ تېز بولىدۇ. ئەگەر ئىقتىسادتا قىيىنچىلىق بولسا ئەرزانراقى سېتىۋېلىنسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى 3000 يۈەن ئەتراپىدىكى كومپيۇتېردىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى بىمالال ئورۇنلىغىلى بولىدۇ.

ئۇنداقتا ئېھتىياج ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالنى ئويلىشىپ بولغاندىن كېيىن ماركىلىق كومپيۇتېر سېتىۋالغان ياخشىمۇ ياكى قوراشتۇرۇلغان كومپيۇتېر سېتىۋېلىش كېرەكمۇ؟

**ماركىلىق كومپيۇتېر:** سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمىتى ياخشى، باھاسى دۆلەت ئىچىدە ئورتاق بولغاچقا ئالدىنىپ قېلىش ئاز ئۇچرايدۇ. قاتتىق دېتاللارنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ئالاھىدە تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن بولغاچقا، ماسلاشماسلىق مەسىلىسى تۈپەيلىدىن خاتالىق چىقىش ۋە كۆيۈپ كېتىش نىسبىتى تۆۋەن. لېكىن قاتتىق دېتاللارنى تاللىغىلى بولمايدۇ(DELL دىن باشقىسى). بۇنداق كومپيۇتېرنى ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى تىپتىكى كىشىلەر سېتىۋالسا بولىدۇ.

**قوراشتۇرۇلغان كومپيۇتېر:** باھاسى مۇۋاپىق، ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ھەرقايسى ئۈسكىنىلەرنىڭ ماركىسىنى، تىپىنى تاللىيالايمىز. لېكىن ماسلاشماسلىق مەسىلىسى تۈپەيلىدىن خاتالىق چىقىش كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ(بۇ ئەھۋال ھازىر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ). سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت ئانچە ياخشى ئەمەس. بۇ تۈردىكى كومپيۇتېر بىرىنچى، ئۈچىنچى تۈردىكى كىشىلەرگە ماس كېلىدۇ.

**ئەلۋەتتە، يۇقىرىدىكىسى پەقەتلا بىر پايدىلىنىش كۆرسەتمىسى خالاس.**

# WORD نىڭ بىرقانچە ئالاھىدە ئىقتىدارى

شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنىستىتوتى كومپيۇتېر فاكولتېتىدىن ئەركىن مامۇت

## بىرىنچى، دېكلىماتسىيە قىلىش ئىقتىدارى

ئەگەر سىز مەلۇم خەنزۇچە خەتنىڭ ئوقۇلۇشىنى بىلەلمەي قالسىڭىز يېزىق تونۇتۇش(手写识别) قورالىنىڭ ياردىمىدە كىرگۈزەلەيسىز. ئۇنداقتا يېزىق تونۇتۇش قورالىدا كىرگۈزگەن خەتنىڭ ئوقۇلۇشىنى بىلگىلى بولامدۇ ـ يوق؟

ئوقۇلۇشىنى بىلىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۇسۇلى بار.

**بىرى، دېكلىماتسىيە قىلدۇرۇش ئۇسۇلى.** بۇنىڭدا ئالدى بىلەن قورال(工具) تىزىملىكىدىكى ئاۋاز(语音) بۇيرۇقىنى باسىسىز. بۇ ۋاقىتتا كۆزنەكنىڭ ئاستىدىكى خەت كىرگۈزۈش تالچىسىدا ئاۋاز تونۇتۇش، يېزىق تونۇتۇش قوراللىرى كۆرۈنىدۇ. (ئاۋاز قورالى قاچىلانمىغان بولسا سىزدىن Office نىڭ ئوپتىك دېسكىسىنى سېلىشنى سورايدۇ. ئوپتىك دېسكىنى سېلىپ جەزىملەشتۈرىسىز.)

ئاندىن دېكلىماتسىيە قىلدۇرماقچى بولغان بۆلەكنى تاللىغاندىن كېيىن يېزىق كىرگۈزۈش تالچىسىنىڭ ئوڭ گىرۋىكىدىكى ئۈچبۇلۇڭ بەلگىسىنى باسسىڭىز تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك تىزىملىك كۆرسىتىلىدۇ. تىزىملىكتىن تېكىستنى ئوقۇش(朗读文本) بۇيرۇقىنى باسسىڭىز تاللانغان تېكىستنى كومپيۇتېر ئۆلچەملىك سۈرئەت ۋە ئاۋازدا ئوقۇپ بېرىدۇ.




ئەگەر ئوقۇش سۈرئىتىنى تەڭشىمەكچى بولسىڭىز رەسىمدە كۆرسىتىلگەن تىزىملىكتىكى تەڭشەش(设置) بۇيرۇقىنى بېسىپ، كۆرۈنگەن كۆزنەكتىكى 文字-语音转换 دېگەن تۈر ئىچىدىن ئاۋاز سۈرئىتى(语音速度) تالچىسىنى ئوڭ ـ سولغا سۈرۈش ئارقىلىق تەڭشىسىڭىز بولىدۇ.




**ئىككىنچىسى، پىنيىن كۆرۈش ئۇسۇلى.** بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئوقۇلۇشىنى بىلمەكچى بولغان سۆزلەرنى تاللايسىز. ئاندىن شەكىل(格式) تىزىملىكىدىكى جۇڭگوچە شەكىل(中文版式) قىسمىي تۈرى ئىچىدىن پىنيىن قوللانمىسى(拼音指南) بۇيرۇقىنى باسسىڭىز تاللىغان سۆزلىرىڭىزنىڭ پىنيىنىسى كۆرۈنىدۇ.




## ئىككىنچى، تەرجىمە قىلىش ئىقتىدارى

ئەگەر سىز يولۇققان بەزى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ئىنگلىزچە مەنىسىنى، ئىنگلىزچە خەتلەرنىڭ خەنزۇچە مەنىسىنى بىلمەكچى بولسىڭىز WORD نىڭ لۇغەت ئىقتىدارى سىزگە ياخشى ياردەمچى بولالايدۇ. بۇ ئىقتىدارنىڭ مەشغۇلات جەريانى تۆۋەندىكىدەك:

ئالدى بىلەن تەرجىمە قىلماقچى بولغان سۆزنى تاللايسىز. ئاندىن مائۇسنىڭ ئوڭ كونۇپكىسىنى بېسىپ، تىزىملىكتىن تەرجىمە قىلىش(翻译) بۇيرۇقىنى تاللىسىڭىزلا ئوڭ تەرەپتىكى كۆزنەكتە تەرجىمىسى كۆرۈنىدۇ. (قورال تىزىملىكىدىكى تىل(语言)قىسمىي تۈرى ئىچىدىن تەرجىمە قىلىش بۇيرۇقىنى بېسىپ ئىشلەتسىڭىزمۇ بولىدۇ.)



تەرجىمە يۆنىلىشىنى ئوڭ تەرەپتە كۆرۈنگەن كۆزنەكنىڭ ئىچىدىكى تاللاش تىزىملىكىدىن تاللىسىڭىز بولىدۇ.

## ئۈچىنچى، بەلگىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارى

تېكىست تەھرىرلەۋېتىپ ئىككى ئابزاسنى مەلۇم سىزىقلار ئارقىلىق ئايرىشقا توغرا كېلىدىغان ئەھۋالغا ئۇچرىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇنى رەسىم قىستۇرۇش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ سىزىق رەسىملىرىنى قىستۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولسىمۇ، بىراق مەشغۇلات جەريانى بىر ئاز مۇرەككەپ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئەگەر WORD نىڭ ئالاھىدە بەلگىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارىدىن پايدىلانسىڭىز نۇرغۇن ۋاقىتنى تېجەپ قالالايسىز. مەسىلەن، كەينى-كەينىدىن ئۇلاپلا ئۈچ دانە ~ بەلگىسنى كىرگۈزۈپ قۇر ئالماشتۇرۇش كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز دولقۇنسىمان سىزىقچىغا ئۆزگىرىدۇ. ئۈچ دانە - بەلگىسىنى باسسىڭىز تۈز سىزىققا، ئۈچ دانە _ بەلگىسىنى باسسىڭىز قېلىن تۈز سىزىققا، ئۈچ دانە = بەلگىسىنى باسسىڭىز قوش سىزىققا، ئۈچ دانە # بەلگىسىنى باسسىڭىز ئۈچ قات سىزىققا، ئۈچ دانە * بەلگىسىنى باسسىڭىز ئۈزۈك سىزىققا ئۆزگىرىدۇ.



ئۇنىڭدىن باشقا بەزى شەكىللەرنىمۇ بىرقانچە بەلگىنى بىرلەشتۈرۈپ يازغاندىن كېيىن بوش ئورۇن كۇنۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق چىقارغىلى بولىدۇ.

| ئۆزگىرىدىغان شەكىل | بىرلەشمە بەلگە | ئۆزگىرىدىغان شەكىل | بىرلەشمە بەلگە |
|---|---|---|---|
| … | … | © | (c) |
| ☹ | :( | ® | (r) |
| ☹ | :-( | ™ | (tm) |
| ☺ | :-) | ☺ | :) |
| 😐 | :-\| | 😐 | :\| |
| → | --> | ← | <-- |
| | ==> | ← | <== |
| | | ⇔ | <=> |

## تۆتىنچى، جەدۋەلنى ئىككىگە بۆلۈش

ئەگەر سىز سىزغان جەدۋەلنى ئىككىگە ئايرىماقچى (ئاستى-ئۈستى) بولسىڭىز نۇر بەلگىنى جەدۋەلدىكى ئايرىماقچى بولغان كاتەكچى ئىچىگە يۆتكەپ Ctrl+Shift+Enter بىرلەشمە كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز بولىدۇ.

## بەشىنچى، ALT كۇنۇپكىسىنىڭ رولى

كۇنۇپكا تاختىسىدىن ALT كۇنۇپكىسىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ، مائۇس بەلگىسىنى تەھرىرلەش رايونىنىڭ ئۈستى ياكى سول تەرىپىدىكى شكالىنىڭ گىرۋىكىنى بېسىپ تۇرۇپ ئوڭ-سولغا ياكى ئاستى-ئۈستىگە سۈرۈش ئارقىلىق بەتنىڭ چوڭلۇقىنى تەڭشەشكە بولىدۇ.

## WORD نىڭ تېز قوزغىتىش كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ چىقىرىش

تېز قوزغىتىش كۇنۇپكىسى دېگەن نېمە؟

تېز قوزغىتىش كۇنۇپكىسى دېگىنىمىز يۇمشاق دېتاللاردا كۆپ قوللىنىلىدىغان مەشغۇلات ۋە بۇيرۇقلارنى تېز سۈرئەتتە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، كۇنۇپكا تاختىسىدىكى بەزى تاق ياكى بىرلەشمە كۇنۇپكىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەشغۇلات جەريانىدا بىز شۇ خىل بۇيرۇقنى تىزىملىك ئىچىدىن تاللىماستىن، بېكىتىلگەن شۇ كۇنۇپكىلارنى باسساقلا ئىجرا بولىدۇ. مۇشۇنداق كۇنۇپكىلار تېز قوزغىتىش كۇنۇپكىسى(快捷键) دېيىلىدۇ.

تېز قوزغىتىش كۇنۇپكىسى بىزنىڭ مەشغۇلات باسقۇچىمىزنى ئاددىيلاشتۇرىدۇ. بولۇپمۇ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يۇمشاق دېتاللاردىكى تېز قوزغىتىش كۇنۇپكىسىنى بىلىۋالساق نۇرغۇن ۋاقىتنى تېجەپ قالالايمىز. ئۇنداقتا تۆۋەندىكى مەشغۇلات جەريانىدا كۆرسىتىلگىنى بويىچە WORD نىڭ بارلىق تېز قوزغىتىش كۇنۇپكىلىرىنى تىزىملىكىنى بېسىپ كۆرەيلى.

1 · WORD نىڭ قورال(工具) تىزىملىكىدىكى ماكرو(宏) قىسمي تىزىملىكىدىن ماكرو بۇيرۇقىنى باسىمىز.

2 · كۆرۈنگەن كۆزنەكتىكى ماكرونىڭ ئورنى(宏的位置) دېگەن تىزىملىكتىن WORD命令 دېگەن تۈرنى تاللىغاندىن كېيىن، ئۈستىدىكى تىزىملىكتىن ListCommands دېگەن تۈرنى تاللاپ ئىجرا قىلىش(运行) بۇيرۇقىنى باسىمىز.




3 · بۇ ۋاقىتتا بارلىق تېز قوزغىتىش كۇنۇپكا تىزىملىكىنى بېسىپ چىقىرىش ياكى بارلىق بۇيرۇق تىزىملىكىنى بېسىپ چىقىرىشنى سورايدۇ. دىئالوگ رامكىسىدىن ئۈستىدىكى 当前菜单和快捷键设置 دېگەن تۈرنى تاللاپ جەزملەشتۈرسەك يېڭى ھۆججەت قۇرۇلۇپ، ئىچىدە WORD نىڭ بارلىق تېز قوزغىتىش بۇيرۇقلىرى كۆرۈنىدۇ.






# كامېرا بېشىنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتىدىن ئەركىن مامۇت

كەڭ بەلباغ تورىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن كومپيۇتېر تورى كىشىلەرنىڭ يەنە بىر خىل ئالاقىلىشىش ۋاستىسىگە ئايلاندى. تور سۈرئىتىنىڭ ئېشىشى، ھەرخىل كۆرۈنمە يۈزلۈك ئالاقە ئۇسكىنىلىرى ۋە كامېرا بېشى(摄象头) نىڭ مەيدانغا كېلىشى كىشىلەرنى ئاۋاز ۋە سۈرەت ئارقىلىق ئالاقە قىلىدىغان يېڭى بىر تېخنىكا بىلەن تەمىنلىدى. بولۇپمۇ كامېرا بېشىنىڭ مەيدانغا كېلىشى كارخانىلارنىڭ سۈرەتلىك يىغىن ئېچىش، يىراقتىن نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئائىلەردە كومپيۇتېر بىلەن دوستلار ئارا ئالاقىلىشىش، چەتئەلدىكى تۇغقانلار بىلەن دىدارلىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

تۆۋەندە مەن كامېرا بېشىنى قانداق تاللاپ سېتىۋېلىش ۋە قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

**بىرىنچى، كامېرا بېشى سېتىۋېلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار.**

1 . نۇر سېزىش دېتالى(感光元件): نۆۋەتتە كامېرا بېشىغا ئىشلىتىلىۋاتقان نۇر سېزىش دېتالى CCD ۋە CMOS دىن ئىبارەت ئىككى خىل.

CCD نىڭ ھاسىل قىلغان ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى، سەزگۈرلىكى يۇقىرى، ھەجمى كىچىك، سىلىقلىقى بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

CMOS نىڭ باھاسى تۆۋەن، ئىنكاسى تېز، ئېنېرگىيە سەرپىياتى ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

CCD سەپلەنگەن كامېرا بېشىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى، رەڭ تونۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، سىرتقى نۇر مەنبەسىگە بولغان تەلىپى تۆۋەن، باھاسى CMOS سەپلەنگەن كامېرا بېشىغا قارىغاندا خېلىلا يۇقىرى. بىراق توردا ئىشلەتكەندىكى ئۈنۈمى CMOS سەپلەنگىنى بىلەن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. نۆۋەتتە CMOS سەپلەنگەن كامېرا بېشىنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى ئىقتىدارى بارغانسېرى مۇكەممەللىشىۋاتىدۇ.

2 . كامېرا كۆزى(镜头): ھازىر كامېرا كۆزى تۆت قەۋەتلىك ئوپتىك ئەينەكلىك، بىر قەۋەت ئەينەك بىر قەۋەت سۇلياۋلۇق، پۈتۈن سۇلياۋلۇق دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تۆت قەۋەت ئوپتىك ئەينەكلىك كامېرا بېشىنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆز ئەتراپىنىڭ رەڭگى ساغۇچ ياكى كۆك يېشىل رەڭلىك پارقىراق كېلىدۇ.

3 . چېكىت سانى ۋە ئېنىقلىق دەرىجىسى(像素点与分辨率): سۈرەتلەرنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى كومپيۇتېردا ئادەتتە گورىزونتال ۋە ۋېرتىكال يۆنىلىشتىكى چېكىت سانى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. كامېرا بېشىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشنى ئىپادىلەيدىغان چېكىت سانى قانچە كۆپ بولسا، سۈرەتنىڭ ئېنىقلىقىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

ھازىر بازاردا سېتىلىۋاتقان كامېرا بېشىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ چېكىت سانى 300 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە توردا ئالاقە قىلغاندىكى ھەرىكەتلىك سۈرەت ئۈزۈلۈكسىزلىكى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بىراق كۆپىنچە كامېرا بېشىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە چېكىت سانى بىر مىليون 300 مىڭ چېكىت دەپ يېزىلغان. بۇ قىممەت ئەمەلىيەتتە يۇمشاق دېتال ئارقىلىق قىستۇرۇلغان ياكى تولۇقلاپ كۆرسىتىلگەندىكى سان بولۇپ، ھەقىقىي ئېنىقلىقى ئەمەس.

4 . ئۇچۇر يەتكۈزۈش سۈرئىتى: بۇ ئادەتتە بىر سېكونت ئىچىدە كۆرسىتەلەيدىغان سۈرەتنىڭ سانى بولۇپ، بىرلىكى fps بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە ئادەمنىڭ كۆزى سۈرئىتى سېكونتىغا 24 پارچە سۈرەت بولغان(ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولسا) كۆرۈنۈشتىكى ئۈزۈلۈشنى بايقىيالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر خۇددى تېلېۋىزور كۆرگەندىكى ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. ھازىرقى بازاردا سېتىلىۋاتقان كامېرا بېشىنىڭ سۈرئىتى 30fps ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنى پەقەت 320x240 چوڭلۇقتىلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن چوڭ بولغاندا سۈرئىتى زور دەرىجىدە ئاستىلايدۇ. بۇ سۈرئەتنى ئادەتتە كامېرا بېشىنى خالىغان يۆنىلىشتە يۆتكەپ، ئېكراندىكى كۆرسەتكەن سۈرەتنىڭ ئېنىق ياكى غۇۋا بولۇشى، سۈرەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى ئارقىلىق تەخمىنەن بىلگىلى بولىدۇ.

5 . كۆرسىتىش ئارىلىقى: كامېرا بېشىنىڭ ئارىلىقنى تەڭشەش ئارقىلىق تېخىمۇ سۈزۈك بولغان سۈرەت ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بىر قىسىم كامېرا بېشىنىڭ بۇ خىل ئىقتىدار يوق بولۇپ، ئورنىنى يۆتكەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا سېتىۋالغاندا ئارىلىق تەڭشەش ئىقتىدارىنىڭ بار-يوقلۇقىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

6 . ئۇلىنىش ئېغىزىنىڭ تىپى: ھازىرقى كامېرا بېشىنىڭ ئۇلىنىش ئېغىزى ھەممىسى دېگۈدەك USB ئۇلىغۇچىدا ياسالغان. بىراق USB ئۇلىنىش ئېغىزىمۇ USB1.1 ۋە usb2.0 دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى usb2.0 ئېغىزلىقىنىڭ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش سۈرئىتى تېز بولۇپ، usb1.1 گىمۇ ماس كېلىدۇ. بىراق usb1.1 ئېغىزىغا ئۇلىغاندا ھەقىقىي سۈرئەتنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. شۇڭلاشقا سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن كومپيۇتېرىمىزدىكى usb نىڭ زادى قايسى نەشرىدىكىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش كېرەك. مەشغۇلات سىستېمىسىغا WindowsXP ياكى تېخىمۇ يۇقىرى نەشرىدىكى مەشغۇلات سىستېمىسى قاچىلانسا تېخىمۇ ياخشى.

سىرتقى شەكلى ۋە ئۇلىنىش سىمىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا كەلسەك، بۇلارنى ئىشلەتكۈچى ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بويىچە تاللىسا بولىدۇ.

**ئىككىنچى، كامېرا بېشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى.**

كامېرا بېشىنىڭ قاتتىق ۋە يۇمشاق دېتالغا بولغان تەلىپى يۇقىرى ئەمەس. مەركىزىي بىر تەرەپ قىلغۇچ 300MHz، ئىچكى ساقلىغۇچى 128MB دىن يۇقىرى بولغان كومپيۇتېر بولسىلا بولىدۇ. ئۇلىنىش سىمىنى تۇنجى قېتىم سالغاندا يېڭى قاتتىق دېتال بايقىغانلىق ئۇچۇرى چىقىپ، بىزدىن قوزغىتىش پروگراممىسىنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىشنى سورايدۇ. ئوپتىك دىسكىسىنى سالغاندىن كېيىن ئاپتوماتىك ئىزدەش تۈرىنى تاللاپ قويساق ئۆزى تېپىپ قاچىلايدۇ. مەشغۇلات جەريانى بەكلا ئاددىي. ئەگەر قوزغىتىش پروگراممىسىنى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىنمۇ نورمال ئىشلىمىسە(ئۇلىغاندا يېڭى قاتتىق دېتال شەكلىدە بايقىيالمىسا) BIOS تىزىملىكىدىكى USB

ئېغىزىنى ئېچىۋېتىش(قىممىتىنى Enabled قا ئۆزگەرتىش)، باشقا قاتتىق دېتال بىلەن(مەسىلەن، پىرىنسلاش كارتىسى، سۈرەت تۇتۇش كارتىسى) توقۇنۇشۇپ قالغان ـ قالمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش، ئەگەر توقۇنۇشۇپ قالغان بولسا، توقۇنۇشۇپ قالغان ئۈسكىنىنى ۋاقىتنچە توختىتىپ تۇرۇش ياكى ئاساسىي تاختىدىكى سىلىش ئورۇنىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك.

مەسىلەن، مېنىڭ كومپيۇتېرىمدا ئەسلى سۈرەت تۇتۇش كارتىسى بار ئىدى، كامېرا بېشىنى ئۇلىغاندىن كېيىن قوزغىتىش پروگراممىلىرى ۋە باشقا يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ ھەممىسى نورمال قاچىلاندى. بىراق ئىشلەتكىلى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن سۈرەت تۇتۇش كارتىسىنى ۋاقىتنچە توختىتىپ قويغاندىن كېيىن كامېرا نورمال ئىشلىدى. مېنىڭ مەشغۇلات جەريانىم تۆۋەندىكىدەك ئېلىپ بېرىلدى.

1 . ئۈسكىنە باشقۇرغۇچ(设备管理器) كۆزنىكى ئىچىدىكى قاتتىق دېتال تىزىملىكى ئىچىدىن سۈرەت تۇتۇش ئۈسكىنىسى (视频捕获设备) تۈرىنى ئېچىپ، مائۇسنى سۈرەت تۇتۇش كارتىسىنىڭ ئىسمى ئۈستىدە ئوڭ كۇنۇپكىسىنى باستىم. كۆرۈنگەن تىزىملىكتىن خاراكتېر(属性) بۇيرۇقىنى تاللىدىم.




2 . ئاندىن سۈرەت تۇرۇش كارتىسىنىڭ خاراكتېر كۆزنىكىدىن ئۈسكىنىنى ۋاقىتنچە توختىتىش(不要使用这个设备) بۇيرۇقىنى تاللاپ جەزملەشتۈردۈم.




شۇنىڭ بىلەن كامېرا يېشى نورمال ئىشلەشكە باشلىدى.

# يۇمشاق دېتالدىن تەجرىبىلەر

1 · Office2003 نى تىپىك ھالەتتە قاچىلىغاندا ئاۋاز پەرقلەندۈرۈش(语音识别) ئىقتىدارىنى قاچىلايدۇ. بۇ ئىقتىدارنى ئادەتتە ئورۇن ئىشلەتكۈچى ئىشلەتمىگەچكە قاتتىق دىسكىدا 100MB دىن ئارتۇق بوشلۇقنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ ئىقتىدارنى چىقىرىۋەتمەكچى بولسىڭىز Office2003 نىڭ قاچىلاش پروگراممىسىنى يەنە بىر قېتىم ئىجرا قىلغاندىن كېيىن ئىقتىدار قوشۇش ياكى چىقىرىۋېتىش(添加或删除功能) شەكلىدە قوزغىتىپ، تىزىملىكتىن ئاۋاز پەرقلەندۈرۈش تۈرىدىكى تاللاشنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن يېڭىلاش(更新) كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز بولىدۇ.



2 · WORD قا ئېخەت ئادرېسى ياكى تور بەت ئادرېسى كىرگۈزۈلگەندە داۋاملىق كۆك رەڭگە ئۆزگىرىپ، ئاستىغا كۆك رەڭلىك سىزىق چىقىۋالىدۇ. ئەگەر بۇنى چىقمايدىغان قىلماقچى بولسىڭىز قورال(工具) تىزىملىكىدىكى ئاپتوماتىك ئۆزگەرتىش (自动更正选项) بۇيرۇقىنى بېسىڭ. ئاندىن كۆرۈنگەن كۆزنەكتىكى 键入时自动套用格式 دېگەن تۈر ئىچىدىن Internet及网络路径替换为超链接 نىڭ ئالدىدىكى تاللاش بەلگىسىنى چىقىرىۋېتىپ جەزملەشتۈرسىڭىزلا بولىدۇ.




3 · AVI ھۆججەتلىرىنى قويغاندا بەزىلىرىنى «كود يېشىش ئىقتىدارى قوشۇلمىغان» ـ دېگەن ئۇچۇر چىقىۋېلىپ قويغىلى بولمايدۇ. بەزىلىرىنى قويغان تەقدىردىمۇ پەقەت ئاۋازىلا چىقىپ سۈرىتى كۆرۈنمەيدۇ. بۇ AVI ھۆججەتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ(پىرىنسىلىنىش شەكلىنىڭ) ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەرخىل كود يېشىش يۇمشاق دېتاللىرىنى قاچىلاش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

مەسىلەن: DIVX4.0، DIVX5.0..... (توپلاشتۇرۇلغان كودلاش دېتالى Nimo، Klite قاتارلىقلارنى قاچىلىسىمۇ بولىدۇ)

# دۆلەتلىك كومپيۇتېر بىرىنچى دەرىجە تەقلىدىي ئىمتىھان سوئالى

**بىرىنچى سوئال: تاق تاللاش. (1-30 گىچە ھەر بىرىگە 1 نومۇر، 31-55 گىچە ھەر بىرىگە 2 نومۇردىن جەمئىي 80 نومۇر)**

1. 计算机硬件系统中最核心的部件是 ().

A.主板　B.CPU　C.内存储器　D. I/O设备

[illegible] (CPU)

2. 为解决某一特定问题而设计的指令序列称为().

A.文件　B.语言　C.程序　D. 软件

[illegible] (文件) [illegible] (语言) [illegible]

3. 下列关于系统软件的四条描述中，正确的一条是().

A.系统软件是与具体应用领域无关的软件　B.系统软件是具体硬件逻辑功能无关的软件

C.系统软件是使用应用软件开发的软件　D. 系统软件并不具体提供人机界面

[illegible] (应用软件) [illegible]

4. 存储系统中PROM是指 ().

A.可读写存储器　B.动态随机存储器　C.固定只读存储器　D. 可编程只读存储器

PROM ۋە EPROM [illegible] (只读存储器) [illegible] SRAM [illegible] (静态随机存储器) [illegible] DRAM [illegible] (动态随机存储器) [illegible] D [illegible]

5. 下列几种存储器中，存储周期最短的是().

A.内存储器　B.光盘存储器　C.硬盘存储器　D. 软盘存储器

[illegible] RAM [illegible] A [illegible]

6. 计算机能直接识别处理的语言是 ().

A.机器语言　B.高级语言　C.汇编语言　D. 数据库语言

[illegible] 0 [illegible] 1 [illegible] A [illegible]

7. 键盘上的Shift键称为 ().

A.回车换行键　B.退格键　C.换档键　D. 空格键

[illegible] Space [illegible] Enter [illegible] BackSpace [illegible] Shift [illegible] (换档) [illegible]

8. 与十进制数234等值的二进制数是 ().

A.11101010　B.11100111　C.10101010　D. 10101110

[illegible] 2 [illegible] 16 [illegible] 8 [illegible]




9. 下列术语中与显示器关系密切的是().

A.速度　B.可靠性　C.分辨率　D.精度

[illegible] (像素) [illegible] (分辨率) [illegible]

10. 在计算机领域中通常用MIPS来描述().

A.执行速度　B.可靠性　C.运行性　D. 可扩展性

[illegible] (字节) [illegible] (存储周期) [illegible] (主频) [illegible] MHz [illegible] MIPS [illegible]

11. Windows98操作系统区别于DOS和Windows3.X的最显著的特点是().

A.提供了图形界面　B.能同时运行多个程序　C.具有硬件即插即用的功能　D. 是真正32位的操作系统

DOS [illegible] Windows3.x [illegible] 16 [illegible] Windows98 [illegible] 32 [illegible]

12. Windows中有两个管理系统资源的程序组，它们是().

A."我的电脑"和"控制面板"　B."资源管理器"和"控制面板"

C."我的电脑"和"资源管理器"　D. "控制面板"和"开始"菜单

[illegible]

13. Windows中，能弹出对话框的操作是 ().

A.选择了带省略号的菜单　B.选择了带向右三角形箭头的菜单项

C.选择了颜色变灰的菜单项　D. 运行了与对话框对应的应用程序

[illegible]

14. 在Windows"资源管理器"窗口中，左部显示的内容是 ().

A.所有没有打开的文件夹　B.系统的树型文件夹结构　C.子文件夹与文件　D. 所有打开的文件夹

[illegible]

15. Word窗口标题栏右边显示的按钮是().

A.最小化按钮　B.还原按钮　C.关闭按钮　D. 最大化按钮

[illegible]

16. 在WORD下，按下两次"剪切"操作，则粘贴板中().

A.仅有第一次被剪切的内容　B.仅有第二次被剪切的内容　C.有两次被剪切的内容　D. 内容被清除

[illegible]

17. Word窗口标题栏右边的按钮单击是进行的操作是().

A.将窗口关闭　B.打开一个空白窗口　C.使文档窗口独占屏幕　D. 使当前窗口缩小

[illegible]

18. 在Word的编辑状态，文档窗口显示出水平标尺，则当前视图方式一定是().

A.普通视图方式　B.页面视图方式　C.页面或者普通视图方式　D. 大纲视图方式

[illegible] (页面视图) [illegible] (普通视图) [illegible] (Web版式视图) [illegible]

19. 在Word的编辑状态,当前正编辑一个新建文档"文档1",当执行文件命令"保存"后().

A.该"文档1"被保存　B.弹出"另存为"对话框　C.自动以"文档1"为名存盘　D. 不能将"文档1"存盘

[illegible] (存盘) [illegible]

20. 在Word的编辑状态,当前编辑文档中的字体全是宋体字，选择了一段文字是之呈反显状，选设定了楷体, 又选定了仿宋体，则().

A.文档全文都是楷体　B.被选择的内容仍为宋体

C.被选择的内容变为仿宋体　D. 文档的全部文字变为仿宋体

[illegible] 仿宋体 [illegible]

21. 在Excel的数据操作中,计算求和的函数是 ().

A.COUNT　B.SUM　C.AVERAGE　D. TOTAL

[illegible] COUNT [illegible] AVERAGE [illegible] SUM [illegible] TOTAL [illegible] Excel [illegible]

22. 以下Excel概念中, ()与文件对应.

A.单元格　B.单元格区域　C.工作表　D. 工作簿

Excel [illegible] (工作簿) [illegible]

23. 默认情况下,在Excel单元格中靠左对齐的数据为().

A.文本　B.数值　C.日期　D. 时间

[illegible]

24. 在Excel中，对文本排序默认的方式为 ().

A.画笔　B.字母　C.序列　D. 区位码

[illegible]

25. 在Excel中,使用工具栏按钮 ().

A.只可以复制内容　B.只可以复制格式　C.即可复制格式，有可复制内容　D. 可以删除文本

[illegible] (复制格式) [illegible]

26. 在Excel中使用"编辑"菜单的"清除"命令清除"内容"后 ().

A.格式也被清除　B.格式不被清除

C.重新输入的采用的格式与原格式不同　D. 格式可能清除也可能不清除

[illegible]

27. 在Excel运算符中不包括().

A.算术运算符　B.文本运算符　C.逻辑运算符　D. 引用运算符

Excel [illegible]

28. 在PowerPoint编辑状态下，在()视图中可以对幻灯片进行移动,复制,排序等操作.

A.幻灯片　B.幻灯片浏览　C.幻灯片放映　D. 备注页

PowerPoint [illegible] 幻灯片浏览 [illegible]

[illegible]

29. PowerPoint中的 ( )可以多页幻灯片.

A.演示文稿设计模板 B.演示文稿制作模板 C.演示文稿内容模板 D. 演示文稿大纲模板

演示文稿内容模板 [illegible]

30. 在计算机通信领域中，表征数据传输可靠性的指标是 ().

A.传输率 B.误码率 C.信息容量 D. 频带利用率

[illegible] (误码率) [illegible]

31. WPS,Word等字处理软件属于 ().

A.管理软件 B.网络软件 C.应用软件 D. 系统软件

[illegible] (应用软件) [illegible]

32. 计算机最主要的工作特点是 ().

A.存储程序与自动控制 B.高速度与高精度 C.可靠性与可用性 D. 有记忆能力

[illegible] (存储程序与自动控制)

33. 高速缓冲存器是为了解决 ().

A.内存与辅助存储器之间速度不匹配问题 B.CPU与辅助存储器之间速度不匹配问题

C.CPU与内存存储器之间速度不匹配问题 D. 主机与外设之间速度不匹配问题

[illegible] (高速缓存器) [illegible]

34. 按16x16点阵存放国标GB2312-80(共3755个)汉字，大约需要占存储容量 ( ).

A.1MB B.512KB C.256KB D. 128KB

[illegible] (16x16) [illegible] 256 [illegible] 8 [illegible] 256 [illegible] 8 [illegible] 32 [illegible] 3755 [illegible] (3755x32=120160) [illegible] 128KB [illegible]

35. 计算机病毒是一种 ().

A.特殊的计算机部件 B.游戏软件 C.人为编制的特殊程序 D. 能传染的生物病毒

[illegible]

36. 一个非零无符号二进制整数后加两个零形成一个新的数，新数的值是原数值的 ().

A.四倍 B.二倍 C.四分之一 D. 二分之一

[illegible] A جاۋاب توغرا

37. 在各类计算机操作系统中，分时系统是一种 ().

A.单用户批处理操作系统 B.多用户批处理操作系统 C.单用户交互式操作系统 D. 多用户交互式操作系统

[illegible] D جاۋاب توغرا

38. 在Windows中,为了弹出"显示属性"对话框以进行显示器的设置，下列操作中，正确的是().

A.用鼠标右键单击"任务栏"空白处，在弹出的快捷键菜单中选择"属性"项

B.用鼠标右键单击桌面空白处,在弹出的快捷键菜单中选择"属性"项

C.用鼠标右键单击"我的电脑"窗口空白处,在弹出的快捷菜单中选择"属性"项

D. 用鼠标右键单击"资源管理器"窗口空白处,在弹出快捷菜单中选择"属性"项

[illegible]

39. 在Windows中,用户同时打开的多个窗口可以层叠式或平铺式排列,要想改变窗口的排列方式,应进行的操作是 ( ).

A.用鼠标右键单击"任务栏"空白处,然后在弹出的快捷键菜单中选取要排列的方式

B.用鼠标右键单击桌面空白处,然后在弹出的快捷键菜单中选取要排列的方式

C.先打开"资源管理器"窗口,选择其中的"查看"菜单下的"排列图标"项

D. 先打开"我得电脑"窗口,选择其中的"查看"菜单下的"排列图标"项

[illegible]

40. 在Windows" 资源管理器"窗口左边，处于最顶层的文件夹是().

A.我的电脑 B.桌面 C. C盘 D. 资源管理器

[illegible]

41. 在Windows中,打开"资源管理器"窗口后,其中 ().

A.可能没有以打开的文件夹 B.之多有一个以打开的文件夹

C. 至少有一个以打开的文件夹 D. 全部文件夹均被打开

A جاۋاب توغرا

42. 在Windows" 回收占"中，存放的().

A.只是硬盘上被删除的文件或文件夹 B.只能是软盘上被删除的文件或文件夹

C.可以是硬盘或软盘上被删除的文件或文件夹 D.可以是所有外存储器中被删除的文件或文件夹

[illegible]

43. 在Windows中， "任务栏" ().

A.只能改变位置不能改变大小 B.只能改变大小不能改变位置

C. 既不能改变位置也不能改变大小 D. 既能改变位置也能改变大小

[illegible]

44. 在Windows中，当用鼠标左键将选定的文件从源文件夹拖动到目的文件夹时，下面的叙述中，真确的是().

A.无论源文件夹和目的文件夹是否在同一磁盘内，均实现复制

B.无论源文件夹和目的文件夹是否在同一磁盘内，均实现移动

C. 若源文件夹和目的文件夹同一磁盘内，将实现移动

D. 若源文件夹和目的文件夹不在同一磁盘内，将实现移动

[illegible]

45. 在Windows 中,使用软键盘可以快速的输入各种特殊符号，为了撤销弹出的软键盘，正确的操作为 ().

A.用鼠标左键单击软键盘上的Esc键 B.用鼠标右键单击软键盘上的Esc键

C. 用鼠标右键单击中文输入法状态窗口中的软键盘按钮 D. 用鼠标左键单击中文输入法状态窗口中的软键盘按钮

[illegible]

46. 在Windows"我的文档"中可以容纳的文档最多数目为().

A.13个 B.10个 C. 15个 D. 无固定数

我的文档 [illegible]

47. 在Word 编辑状态，选择了整个表格，执行了表格菜单中的"删除行"命令，则().

A.整个表格被删除 B.表格中一行被删除 C. 表格中一列被删除 D. 表格中没有被删除的内容

[illegible]

48. 在Word的编辑状态，若将当前编辑文档的标题设置为居中格式,先将插入点移到该标题上，在单击格式工具栏的 ().

A.[按钮图标]按钮 B.[按钮图标]按钮 C.[按钮图标]按钮 D.[按钮图标] 按钮

[illegible]

49. 在Word的编辑状态，要模拟显示打印效果，应当单击格式工具栏里的().

A.[按钮图标]按钮 B.[按钮图标]按钮 C.[按钮图标]按钮 D.[按钮图标]按钮

[illegible]

50. 在Word的编辑状态，为文档设置页号，应当使用().

A."工具"菜单中的命令 B."编辑"菜单中的命令 C."格式"菜单中的命令 D. "插入"菜单中的命令

[illegible] (插入) [illegible]

51. 在Word编辑状态，当前编辑的文档是C盘中的d1.doc文档.若将该文当拷贝到软盘，应当使用().

A."文件"菜单中的"另存为"命令 B."文件"菜单中的"保存"命令

C."文件"菜单中的"新建"命令 D. "插入"菜单中的命令

[illegible] (另存为) [illegible]

52. 在Word编辑状态，共打开了两个文档，则().

A.两个文档名都出现在"文件"菜单中 B. 两个文档名都出现在"窗口"菜单中

C.只有第一个文档名出现在"文件"菜单中 D. 只有第二个文档名出现在"窗口"菜单中

[illegible] (窗口) [illegible]

53. 在Excel中，进行分类汇总时，只能对表中 ( )数据项进行统计.

A.文字型 B.日期型 C.数值型 D.时间型

Excel [illegible] (数值型) [illegible]

54. 在Excel中不可通过( )选择函数.

A."插入"菜单的"函数" B."编辑"菜单的"粘贴"

C.工具栏的粘贴函数工具 D.单击编辑栏符号"="后在名字框处

[illegible]

55. OSI参考模型把整个网络的通信功能划分为七个层，下列不属于该七层的是( ).

A.会话层 B.数据链路层 C.用户层 D.应用层

[illegible] OSI [illegible]

## ئىككىنچى سوئال: بوش ئورۇن تولدۇرۇش. (ھەر بىرىگە 2 نومۇردىن جەمئىي 20 نومۇر)

1.一种需要周期性再生的、可采用随机存取方式工作的存储器称为DRAM。

2.在计算机中表示一个数时，如果把数的小数点按照统一的规定隐含在预定的位置上，那么这种方法表示的数称为定点数。

3.计算机系统可靠性可用平均无故障工作时间来衡量。

4.靠底座上的球在平滑桌面上滚动来决定四个方向的位移量的鼠标器，是一种机械式的鼠标器。

5.在Windows的"资源管理器"窗口中，为了使具有"系统"和"隐藏"属性的文件或文件夹不显示出来，首先应进行的操作是选择查看菜单的"选项"。

6.在启动计算机系统时,当内存检查结束后,立即按F4键,可以直接进入MS-DOS系统。

7.在Windows的"回收站"窗口中，要想恢复选定的文件或文件夹，可以使用"文件"菜单中的还原命令。

8.在Word的编辑状态,若要推出"全屏显示"视图方式,应当按的功能键是Esc(或Alt+C)。

9.工作表中第6行第5列交叉处单元格的地址为E6。

10.Internet上最基本的通信协议是TCP/IP。



# كومپيۇتېر ئىشلەتكەندە دائىم كۆرۈلىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تارقىتىش بۆلۈمىدىن ئايشەمگۈل خالىق

ئۇچۇر ۋە ئالاقە دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئائىلىلەردە كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. تورغا چىقىش، توردا مال سېتىۋېلىش، ئېخەت ئادرېسى ۋە شەخسىي تور بېكەتكە ئىگە بولۇش ھازىر مودىغا ئايلاندى. كومپيۇتېردا كۆڭۈل ئېچىش، ئىقتىساد باشقۇرۇش، يۇمشاق دېتالدىن پايدىلىنىپ بالا تەربىيىلەش ھازىر كۆپلىگەن ئائىلىنىڭ تاللىشىغا ئايلاندى. لېكىن كومپيۇتېر ئادەتتىكى ئائىلە سايمانلىرىغا ئوخشىمايدۇ. مەشغۇلاتنىڭ مۇرەككەپلىكى، بولۇپمۇ ئىشلىتىش جەريانىدا كۆرۈلىدىغان بەزى مەسىلىلەر دائىم نۇرغۇن كىشىلەرنى دەسلەپكى قىزغىنلىقىدىن سوۋۇتۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە نەچچە مىڭ يۈەن خەجلەپ سېتىۋالغان كومپيۇتېر ئۆيدىكى زىننەت بويۇمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە كومپيۇتېر ئادەتتىكى ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى بىلەن پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنچىۋالا سىرلىق نەرسە ئەمەس. ھالقىلىق مەزمۇنلار نىسبەتەن كۆپرەك خالاس. ئەمەلىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، ئاز-ئازدىن تەجرىبە توپلىسىلا ئۇزۇنغا قالماي مەشغۇلاتتا مۇكەممەل يېتىشەلەيدۇ. تۆۋەندە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىۋاتقان Windows مەشغۇلات سىستېمىسىنى مىسال قىلىپ، كومپيۇتېر ئىشلەتكەندە دائىم كۆرۈلىدىغان بىر قىسىم مەسىلىلەر ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمىز.

**1. كومپيۇتېر ھېلىلا بىر ئۇبدان تۇراتتى، نېمە ئۈچۈن ئەمدى ئىشلەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى؟**

بۇ دائىم ئۇچرايدىغان «كومپيۇتېرنىڭ قېتىپ قېلىش» ھادىسىسى بولۇپ، ئاساسلىقى ئىجرا قىلىنىۋاتقان پروگراممىنىڭ كۆپلىكىدىن(بىرلا ۋاقىتتا بىر نەچچە مەشغۇلات كۆزنىكىنى ئېچىپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش) بولىدۇ. بەزىدە كومپيۇتېرنىڭ ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىش، قاتتىق دېتاللارنىڭ ماسلاشماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىنمۇ كۆرۈلىدۇ. كومپيۇتېر قېتىۋالغاندا مائۇسنىڭ ئېكراندىكى نۇر بەلگىسىنى مىدىرلاتقىلى بولمايدۇ. مائۇسنى يۆتكىگەندە ياكى كۇنۇپكا تاختىسىنى باسقاندا «دۈت، دۈت» قىلغان ئاۋاز چىقىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئاستىدىكى ئارتۇق ۋەزىپىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى كومپيۇتېرنى قايتىدىن قوزغىتىش كېرەك. ئەگەر ۋەزىپىنى ئېكراننىڭ ئاستىدىكى ۋەزىپە رامكىسىدىن(任务栏) ئەمەلدىن قالدۇرغىلى بولمىسا كۇنۇپكا تاختىسىدىن Ctrl+Alt+Del قاتارلىق كۇنۇپكىلار تەڭلا بېسىلىدۇ. ئاندىن كۆرۈنگەن كۆزنەكتىكى نۆۋەتتە ئىجرا بولۇۋاتقان پروگراممىلار تىزىملىكىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلماقچى بولغان پروگراممىنى تاللىنىپ ۋەزىپىنى ئاخىرلاشتۇرۇش (结束任务) كۇنۇپكىسى بېسىلسا بولىدۇ. (بۇ ۋاقىتتا ئېھتىمال ئاگاھلاندۇرۇش كۆزنىكى كۆرۈلۈشى مۇمكىن. داۋاملىق جەزملەشتۈرۈش كۇنۇپكىسى بېسىلىدۇ) كۆزنەكتىن كومپيۇتېرنى ئېتىش(关闭) كۇنۇپكىسى بېسىلسا كومپيۇتېر ئېتىلىدۇ.

(تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك)




ناۋادا يۇقىرىدىكى ئۇسۇلنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىسا كومپيۇتېردىكى Reset كۇنۇپكىسى بېسىلىپ قوزغىتىلسىمۇ بولىدۇ.

كومپيۇتېرنىڭ بەزىدە قېتىپ قېلىشى نورمال ئەھۋال. ئەنسىرەپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ناۋادا قېتىۋېلىش ئەھۋالى بەك كۆپ يۈز بەرسە ئەلۋەتتە باشقا سەۋەبلەردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

**2. كومپيۇتېر ئىلگىرى ناھايىتى سۈزۈك كۆرۈنەتتى. ھازىر نېمە ئۈچۈن غۇۋالىشىپ، رەڭلەر تولۇق ئىپادىلەنمەيدىغان بولۇپ قالدى؟**

بەزىدە كومپيۇتېرنى قوزغاتقاندا رەسىملەرنىڭ رەڭلىرى توغرا ئىپادىلەنمەي، خەت شەكىللىرى ۋە كۆزنەك شەكىللىرى چوڭىيىپ، قوپاللىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشى مەشغۇلات جەريانىدا خاتا ھالدا كۆرسىتىش كارتىسىنىڭ قوزغىتىش پروگراممىسىنى ئۆچۈرۈۋېتىش ياكى ئېكران خاراكتېرىنى خاتا تەڭشەپ قويۇش سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئېكراننىڭ كۆرسىتىش چوڭلۇقى 640x480، رەڭ سانى 16 خىل رەڭگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەرخىل رەڭلىك رەسىملەرنى 16 خىل رەڭدە ئىپادىگىلى بولمىغانلىقتىن رەڭ توغرا چىقمايدۇ. ئېكراننىڭ كۆرسىتىش چوڭلۇقىمۇ بەك كىچىك بولغاچقا كۆزنەك ۋە باشقا بەلگىلەر ناھايىتى چوڭ ھەم قوپال كۆرۈنىۋالىدۇ.

بۇنداق ئەھۋالدا ئېكران يۈزىدە مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تىزىملىكتىن خاراكتېر(属性) بۇيرۇقى بېسىلىدۇ. ئاندىن كۆرۈنگەن كۆزنەكتىكى تەڭشەش(设置) تۈرى ئىچىگە كىرىپ ئېكراننىڭ ئېنىقلىقى(屏幕分辨率) دېگەن ئورۇندىن كۆرسىتىش بەلگىسىنى ئوڭ سولغا سۈرۈپ ئېكراننىڭ كۆرسىتىش چوڭلۇقى تەڭشىلىدۇ. رەڭ سۈپىتى(颜色质量) تىزىملىكىدىن كۆرسىتەلەيدىغان رەڭ سانى چوڭراق بېكىتىلىپ قايتا قوزغىتىلسا يۇقىرىدىكى مەسىلە ئوڭشىلىدۇ.




ئەگەر يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن كۆزنەكتىكى ئېكران چوڭلۇقىنى ئۆزگەرتكىلى بولمىسا(640x480 دە تۇرىۋالسا)، رەڭ سانى تەڭشىلىكىدىمۇ پەقەت 16 خىل رەڭلا بولسا كۆرسىتىش كارتىسىنىڭ قوزغىتىش پروگراممىسى ئۆچۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. كارتىنىڭ چۈشەندۈرۈشى بويىچە قوزغىتىش پروگراممىسىنى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن يۇقىرىدىكى كۆزنەكتىن قايتا تەڭشەش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

## 3. كومپيۇتېرنى يېڭىدىن سېتىۋالغاندا ئىجرا قىلىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز ئىدى. هازىر نېمە ئۈچۈن سۈرئىتى ئاستىلاپ كېتىدۇ؟

ئادەتتە كومپيۇتېرنى بىر مەزگىل ئىشلەتكەندىن كېيىن ئىجرا قىلىش سۈرئىتى ئاستىلاپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىككى خىل سەۋەبى بار. بىرى، كومپيۇتېرغا قاچىلانغان مەزمۇن كۆپ بولۇپ كەتكەن. (مەسىلەن، يۇمشاق دېتاللار، ئويۇنلار). ئىككىنچىسى، يۇمشاق دېتاللارنى كۆپ قېتىم قاچىلاش ـ ئۆچۈرۈش مەشغۇلاتى نەتىجىسىدە قاتتىق دېسكىدا ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ «قالدۇق ھۆججەت» شەكىللىنىپ قالغان. بۇنداق «قالدۇق ھۆججەت» لەر كومپيۇتېرنىڭ ئىجرا قىلىش سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىرىنچىسى، ئىشلەتمەيدىغان بىر قىسىم پروگراما ۋە ئويۇنلارنى ئۆچۈرىۋېتىش. ئىككىنچىسى، قەرەللىك ھالدا قاتتىق دېسكا قوغداش پروگراممىسى(مەسىلەن، پارچە بوشلۇقلارنى رەتلەش پروگراممىسى، سىستېمىلارنى ئەلالاشتۇرۇش پروگراممىسى) ئارقىلىق قاتتىق دېسكىنى رەتلەش، كېرەكسىز ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرىۋېتىش كېرەك.

## 4. كومپيۇتېرنى قوزغىتالمىغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟

كومپيۇتېرنى قوزغاتقاندا ئېكراندا ھېچقانداق ئۇچۇر كۆرۈنمىسە، ياكى بىر قانچە ئېنىگلىرچە ئاگاھلاندۇرۇش ئۇچۇرلىرى چىقىپ كومپيۇتېر نورمال قوزغالمىسا كۆپىنچە ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغانلىقى ياكى سىستېما ھۆججەتلىرىنىڭ ئۆچۈپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. بۇنداق مەسىلىگە ئۇچرىغاندا ئالدى بىلەن ئەڭ يېڭى نەشىردىكى ۋىرۇس ئۆلتۈرۈش يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق كومپيۇتېرنى تەكشۈرۈپ تازىلاش كېرەك. ئاندىن كومپيۇتېرنى قايتا قوزغىتىپ، مەشغۇلات سىستېمىسىنى بىخەتەر ھالەت(安全模式)تە قوزغىتىش، مەشغۇلات سىستېمىسى بىخەتەر ھالەتتە قوزغالغاندىن كېيىن ئاندىن سىستېمىدىكى خاتالىقلارنى تۈگىتىش كېرەك. ئەگەر بىخەتەر ھالەتتىمۇ قوزغالمىسا ياكى بىخەتەر ھالەتكە كىرىپ سىستېمىدىكى خاتالىقلارنى تۈگەتكىلى بولمىسا، سىستېما قاچىلانغان رايوننى فورماتلاپ قايتىدىن قاچىلاش كېرەك. (سىستېمىنى قايتىدىن قاچىلىغاندا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسەن ھەل بولىدۇ. بىراق بۇرۇن قاچىلىغان قوزغىتىش پروگراممىسى، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پروگراممىلارنىمۇ قايتىدىن قاچىلاشقا توغرا كەلگەچكە ۋاقىت ئۇزۇن كېتىدۇ ھەم تۈۋەندىكى بىر قانچە مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ.)

(1) كومپيۇتېرنى قانداق قىلغاندا بىخەتەر ھالەتتە قوزغاتقىلى بولىدۇ؟

كومپيۇتېرنىڭ توك مەنبە كۇنۇپكىسىنى باسقاندىن كېيىن، Windows نىڭ قوزغىلىش رەسىمى كۆرۈنۈشتىن بۇرۇن دەرھال F8 كۇنۇپكىسى بېسىۋېلىنسا بىر تىزىملىك كۆرۈنىدۇ. ئەگەر تىزىملىكتىكى ئۇچۇرلار ئىنگلىزچە بولسا Safe Mode دېگەن تۈر، خەنزۇچە بولسا 安全模式 دېگەن تۈر بېسىلسا بىخەتەر ھالەتتە قوزغىلىدۇ. ئەگەر F8 كۇنۇپكىسىنى بېسىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغاندا كومپيۇتېرنى Reset كۇنۇپكىسىنى بېسىپ قايتىدىن قوزغىتىپ ئاندىن سىناشقا بولىدۇ.

(2) قاتتىق دېسكا قانداق فورماتلىنىدۇ؟

ئەگەر كومپيۇتېرغا بۇرۇن Windows98/ME قاچىلانغان بولسا، Windows98 دە ياسالغان قوزغىتىش يۇمشاق دېسكىسىنى سېلىپ، كومپيۇتېرنى يۇمشاق دېسكىدىن قوزغاتقاندىن كېيىن Format C: دېگەن بۇيرۇق ئىجرا قىلىنىدۇ.

ناۋادا كومپيۇتېرغا بۇرۇن Windows2000/XP قاچىلانغان ھەم رايون شەكلى NTFS شەكلىدە بېكىتىلگەن بولسا Windows98 نىڭ قوزغىتىش دېسكىسىدا تونىمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا PQMAGIC يۇمشاق دېتالىنىڭ DOS دا ئىجرا بولىدىغان نۇسخىسى قوزغاتقاندىن كېيىن، تىزىملىكتىن سىستېما قاچىلانغان رايون تاللىنىدۇ. ئاندىن مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسى بېسىپ فورماتلاش(格式化) بۇيرۇقى بېسىلىدۇ.




ئاندىن كۆرۈنگەن كۆزنەكتىن رايون شەكلى ۋە رايوننىڭ ئىسمىنى كىرگۈزۈپ جەزملەشتۈرۈش كۇنۇپكىسى بېسىلسىلا بولىدۇ.



# كومپيۇتېر مۇزىكىسى توغرىسىدا دەسلەپكى بايان

شىنجاڭ ماارىپ ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىدىن ئابدۇقەييۇم مامۇت

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئېلېكترونلۇق بىرىكمە چالغۇ ئەسۋابى، رەقەملىك ئۈنئالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە يۇقۇرى سۈپەتلىك ياڭراتقۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇزىكا ئەسۋاپلىرى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى تارىخىدىكى يەنە بىر قېتىملىق سۈپەت جەھەتتىكى ئىلگىرىلەش ھېساپلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ كىشىلەر ئىشلىگەن مۇزىكىلارنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر يۇقىرى ۋە جەلىپ قىلارلىق بولدى. نەق مەيداندا ئۈنئېلىش قويغاندا يەتكىلى بولمايدىغان يۇقۇرى ئۈنۈم ۋە بەزى تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ئۈسكىنىلەردىن پايدىلىنىپلا ئوڭشىلىدىغان بولدى. مۇزىكا ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى بەزى مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ كەڭ تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئىلگىرى يۇقۇرى باھادا بېلەت سېتىۋېلىپ كۆرىدىغان ناخشا ـ مۇزىكا كېچىلىكلىرى ۋە كىنو فىلىملەرنى CD,VCD,DVDپلاستىنكىلىرنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئۆيىدە ئولتۇرۇپ كۆرىدىغان بولدى.

1951 ـ يىلى گېرمانىيە كومپوزىتورى خ.ئايموت تۇنجى قېتىم ئېلېكترون مۇزىكا تەجرىبىخانىسىنى قۇرۇپ، ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ پارىژ، توكيو، نيو ـ يورك قاتارلىق جايلاردىمۇ ئېلېكترون مۇزىكا خىزمەت ئۆيلىرى قۇرۇلۇپ، نۇرغۇن مۇزىكا ئىجادىيەتلىرى بارلىققا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغىنى ستوك خاۋسىن ئىشلىگەن ئىككى مەشق ئاھاڭى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئېلېكترونلۇق مۇزىكىدا ئالدى بىلەن ئېلېكتر تېخنىكىسى ئارقىلىق ھەرخىل ئاۋاز مەنبەلىرىگە ئېرىشىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئاۋاز تۇسىگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىش ئېلىپ بېرىپ، ئادەم ۋە مۇزىكا ئەسۋابلىرى يېتەلمەيدىغان ئاۋاز دائىرىسى ۋە سۈرئىتىنى ياسايدۇ. ئۇ خىيالىمىزدا ئەكس ئەتكەن ھەرقانداق ئاۋازنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. ئاندىن ھەرخىل ئۈسكىنىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ تەلەپكە لايىق ئەسەر قىلىپ ياساپ چىقىدۇ. ئۇ دۇنيادىكى ھەر قانداق ئادەم ئاۋازى ۋە مۇزىكا ئەسۋابىنىڭ ئاۋازىنى تەقلىد قىلالايدۇ.

كومپيۇتېرنىڭ ئېلېكترونلۇق مۇزىكا سەھەسىدە قوللىنىشى شۇنداقلا MIDI ئۆلچىمىنىڭ پەيدا بولۇشى مۇزىكا ساھەسىدىكى يەنە بىر يۈكسىلىش بولدى.

ئۇنداقتا MIDI دېگەن زادى نېمە؟

1983 ـ يىلى KAWAI,YAMAHA,KORG قاتارلىق ساز ئەسۋاپلىرىنى ئىشلەش زاۋۇتلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بارلىققا كەلگەن.

MIDIئىنگىلىزچە Musical Instrument Digital Interface (مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ سىفىرلىق ئۇلىنىش ئېغىزى) نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، كومپيۇتېردا MIDI دېگەن كېڭەيتىلگەن ئىسمىدا ساقلىنىدۇ. ئۇ قول بىلەن تۇتقىلى ياكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ساز ئەسۋاپلىرى ئارىسىدىكى كېلىشىمنامىدۇر.

MIDIپەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى مۇزىكا ئۈسكىنىلىرى زاۋۇتلىرى ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن ئاۋاز ئامبىرى تەرتىپ ئۆلچىمى بولمىغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاۋاز ئەسۋابلىرى(ئاۋاز كارتىسى، ئاۋاز مەنبەسى) غا ساقلىغان ئاۋاز ئامبىرىدىكى ئاۋازلارنىڭ تەرتىپ نومۇرىمۇ ئوخشىمايتتى.

شۇ سەۋەپتىن بىر زاۋۇتنىڭ رەقەملىك ئۈسكۈنىسىدە ئىشلىگەن مەلۇم مۇزىكىنى باشقا بىر زاۋۇتتا ئىشلەنگەن رەقەملىك ئۈسكۈنىدە قويسا، بۇلارنىڭ مۇزىكا ئەسۋاپلىرى ئاۋازىنىڭ تەرتىپ نومۇرى ئوخشاش بولماسلىق سەۋەبىدىن ئاۋاز تۇسى جەھەتتە قالايمىقانلىق كېلىپ چىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن 1991 ـ يىلى ياپونىيە MIDI كومىتېتى بىلەن ئامېرىكا MIDI ئىشلەش ئۇيۇشمىسى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئورتاق ھالدا MIDI سازلىرى تەرتىپ ئۆلچىمىنى بېكىتتى . بۇ قىسقارتىلىپ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدىغان MIDI ياكى GM ئۆلچىمى دەپ ئاتالدى.

بۇ ئۆلچەمدە 16 تۈرلۈك ئاۋاز تۇسى بولۇپ، ھەر بىر تۈر ئىچىدە سەككىز خىلدىن جەمئىي 128خىل ساز ئاۋازى ۋە سەككىز خىل دۇمباق ئاۋازى بار. ئاخىرىدىكىلىرى ساز

ئەسۋاپلىرىنىڭ ئاۋاز تۇسى بولماستىن بەلكى تەقلىدى ئاۋازلاردۇر. مەسىلەن: تېلېفون ئاۋازى، قۇشلارنىڭ ئاۋازى، تىك ئۇچار ئايروپىلان ئاۋازى... قاتارلىقلار.

MIDI ئېلېكترونلۇق چالغۇ ئەسۋابى ساھەسىدىكى مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى. ھازىر بازاردا سېتىلىۋاتقان بىرىكمە چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن باشقا ئېلېكترونلۇق رويال قاتارلىقلارمۇ بۇ ئۆلچەمگە ماس ھالدا ئىشلەپچىقىرىلغان.

كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كومپيۇتېر مۇزىكىسى ئېلېكترون مۇزىكا تەرەققىياتىنىڭ قىزىق تېمىسىغا ئايلاندى. كومپيۇتېرنىڭ مۇزىكا ساھەسىگە كىرىشى بىر تەرەپتىن مۇرەككەپ بولغان جەريانلارنى كونترول قىلىش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن MIDI ئۆلچىمى بويىچە ئاۋاز چىقىرىش ئۈسكىنىلىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ يۇقۇرى كۆتەردى. كومپيۇتېرنىڭ تېز سۈرئەتتىكى ھېساپلاش ئىقتىدارى ۋە ئېلېكترون مۇزىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرگىلى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىزنى تەھرىرلەش ۋە ئالاھىدە ئۈنۈم قوشۇش مەشغۇلاتىنى ئېلىپ بېرىش، باشقۇرغۇچى سۈپىتىدە باشقا ئۈسكىنىلەرنى كونترول قىلىش جەھەتتە ناھايىتى قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. كومپيۇتېر تېخنىكىسى مۇزىكا ساھەسىگە زور تەرەققىياتلارنى كەلتۈردى.

مۇزىكىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ھەرخىل بولۇپ، بەزى ئەسەرلەرنى رويال بىلەن ئورۇنلىساق، بەزى ئەسەرلەرنى ئىسكىرىپكا، غېجەك قاتارلىق سازلاردا ئورۇنلايمىز. قۇربىمىز يەتكەنلەر بولسا مۇزىكا ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ ئەسىرىمىزنى مۇزىكا ئەترىتىگە ئورۇنداتقۇزىمىز. شۇنىسى ئېنىقكى، ئوخشىمىغان شەكىلدە ئورۇنلانغان مۇزىكىلىق ئەسەرنىڭ كىشىگە بەرگەن تۇيغۇسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئوخشىمىغان تۈردىكى مۇزىكىلار مۇۋاپىق بولغان ئورۇنداش ئۇسلۇبى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كىلاسسىك بىر سىمپونىيەنى ئورۇنداش ئۈچۈن سىمپونىك ئورکېستىر ئىشلىتىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇسلۇپ جەھەتتە ئوخشىماسلىق كېلىپ مۇزىكىدا يەتمەكچى بولغان ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا كومپيۇتېر مۇزىكا ئىجادىيىتى جەريانىدا قانداق ئورۇندا تۇرىدۇ؟

ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، كومپيۇتېر يېڭىدىن پەيدا بولغان مۇزىكا ئىپادىلەش شەكلى بولۇپ، مۇزىكا ئەسۋاپلىرىنىڭ ئاۋازىنى بالدۇر رەتلەپ قويغان تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاپ چىقىدۇ.

كومپيۇتېر ئوخشىمىغان بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق ھەرخىل مۇزىكا ئەسۋاپلىرىنىڭ ئاۋاز تۇسىنى خاتىرىلەيدۇ، ھەمدە مۇشۇ ئەنئەنىۋى مۇزىكا ئەسۋاپلىرىنىڭ ئاۋاز تۇسىنى بېزەپ يېڭى تۈس ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەتتە مەۋجۇت بولمىغان ئاۋاز تۇسىنى ئىجاد قىلغىلىمۇ بولىدۇ.

بىز كومپيۇتېرنى بىر مۇزىكا ئەسۋابى دەپ قارىساقمۇ ياكى بىر مۇزىكا ئەترىتى دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ.

مەلۇم بىر ئابزاس سىمپونىيەنى ئورۇنلىماقچى بولغاندا سىمپونىك ئورکېستىر ئىزدەش ھاجەتسىز. چۈنكى كومپيۇتېر بىزنىڭ بۇ ھاجىتىمىزنى راۋا قىلالايدۇ. بۇ ۋاقىتتا سىز بىر مۇزىكا ئۆمىكىنىڭ دىرىژورى بولسىز، كومپيۇتېر بولسا مۇزىكانت ھەم مۇزىكا ئەسۋابىنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كومپيۇتېر ھەرگىزمۇ ھېرىپ چارچاشنى بىلمەيدۇ. بىزنىڭ قىلىدىغان بىردىن-بىر ئىشىمىز ئامال قىلىپ بۇ «سىمپونىك ئورکېستىر» نى ئۆزىمىزنىڭ مەقسىدى بويىچە ئىش قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

كومپيۇتېر — مۇزىكا ئىشلەۋاتقان دوستلارغا نىسبەتەن بىر خىل يېڭىچە ھەم تېز بولغان مەشغۇلات ئۇسۇلىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئىشلەش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىتنى كۆپ دەرىجىدە قىسقارتتى. مەسلەن، ھازىرقى ساندىكى ئېلان، سەنئەت مۇزىكىلىرى يەنىلا كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ ئىشلىنىۋاتىدۇ. كومپيۇتېر بولغاچقىلا دىققىتىمىز ۋە ئەقلى كۈچىمىزنى مۇزىكا ئەترەتلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇشقا قاراتماي، مۇزىكا ئىجادىيىتىگە سەرپ قىلىۋاتىمىز، مۇزىكىنىڭ مېلودىيەسى، تېمپىسى ۋە كۈي خاراكتېرى قاتارلىقلارغا ئائىت مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز.



يىغىپ ئېيتقاندا، كومپيۇتېر مۇزىكا ساھەسىگە نىسبەتەن كۆپ قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئادەمنىڭ ئىجادىيەتتىنىڭ مۇھىم رولىنى تەكىتلەيمىز. كومپيۇتېر يەنىلا تەپەككۇرسىز بىر قورال، گەپ بىزنىڭ ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشىمىزدا.

## MIDIسازلىرى تەرتىپ ئۆلچىمى

| تەرتىپى | ئاۋاز تۈسى نامى | تەرتىپى | ئاۋاز تۈسى نامى | تەرتىپى | ئاۋاز تۈسى نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 0 | Acoustic Grand Piano | 43 | Contrabass | 86 | Lead 7(Fifth) |
| 1 | Bright Acoustic Piano | 44 | Tremelo String | 87 | Lead 8(Bass+Lead) |
| 2 | Electric Grand Piano | 45 | Pizzcato String | 88 | Pad 1(New Age) |
| 3 | Honk-Tonk Piano | 46 | Orchestral Harp | 89 | Pad 2(Warm) |
| 4 | Rhodes Piano | 47 | Timpani | 90 | Pad 3(Polysynth) |
| 5 | Chorused Piano | 48 | String Ensemble 1 | 91 | Pad 4(Choir) |
| 6 | Harpsichord | 49 | String Ensemble 2 | 92 | Pad 5(Bowed) |
| 7 | Clavinet | 50 | Synth Ensemble 1 | 93 | Pad 6(Metallic) |
| 8 | Celesta | 51 | Synth Ensemble 2 | 94 | Pad 7(Halo) |
| 9 | Glockenspiel | 52 | Chior Aahs | 95 | Pad 8(Sweep) |
| 10 | Music Box | 53 | Voice Oohs | 96 | Fxl(Rain) |
| 11 | Vibraphone | 54 | Synth Voice | 97 | Fx2(Soundtrack) |
| 12 | Marimba | 55 | Orchestra Hit | 98 | Fx3(Crystal) |
| 13 | Xylophone | 56 | Trumpet | 99 | Fx4(Atmosphere) |
| 14 | Tubular Bells | 57 | Trombone | 100 | Fx5(Brightness) |
| 15 | Dulcimer | 58 | Tuba | 101 | Fx6(Goblins) |
| 16 | Hammond Organ | 59 | Muted Tumpet | 102 | Fx7(Echoes) |
| 17 | Percussive Organ | 60 | French Horn | 103 | Fx8(Sci-Fi) |
| 18 | Rock Organ | 61 | Brass Section | 104 | Sitar |
| 19 | Church Organ | 62 | Synth Brass 1 | 105 | Banjo |
| 20 | Reed Organ | 63 | Synth Brass 2 | 106 | Shamisen |
| 21 | Accordion | 64 | Soprano Sax | 107 | Koto |
| 22 | Harmonica | 65 | Alto Sax | 108 | Kalimba |
| 23 | Tango Accordion | 66 | Tenor Sax | 109 | Bagpipe |
| 24 | Acoustic guitar(Nylon) | 67 | Baritone Sax | 110 | Fiddle |
| 25 | Acoustic guitar(Steel) | 68 | Oboe | 111 | Shanai |
| 26 | Electric guitar(Jazz) | 69 | English Horn | 112 | Tinkle Bell |
| 27 | Electric guitar(Clean) | 70 | Basson | 113 | Agogo |
| 28 | Electric guitar(Muted) | 71 | Clarinet | 114 | Steel Drum |
| 29 | Overdriver Guitar | 72 | Piccolo | 115 | Woodblock |
| 30 | Distortion Guitar | 73 | Flute | 116 | Taiko Drum |
| 31 | Guitar Harmonic | 74 | Recorder | 117 | Melodic Drum |
| 32 | Acoustic Bass | 75 | Pan Flute | 118 | Synth Drum |
| 33 | Electric bass(Finger) | 76 | Bottle Blow | 119 | Reverse Cymbal |
| 34 | Electric bass(Pick) | 77 | Shakuhachi | 120 | Guitar Fret Noise |
| 35 | Fretless bass | 78 | Whistle | 121 | Breath Noise |
| 36 | Slap Bass L | 79 | Ocarina | 122 | Seashore |
| 37 | Slap Bass2 | 80 | Lead 1(Squar) | 123 | Bird Tweet |
| 38 | Synth Bass1 | 81 | Lead 2(Sawtooth) | 124 | Telephone Ring |
| 39 | Synth Bass2 | 82 | Lead 3(Calliope) | 125 | Helicopter |
| 40 | Violin | 83 | Lead 4(Chff Lead) | 126 | Applause |
| 41 | Viola | 84 | Lead 5(Charang) | 127 | Gunshot |
| 42 | Cello | 85 | Lead 6(Voice) | | |

# كۇنۇپكا تاختىسىدىكى ئىقتىدار كۇنۇپكىلىرىنىڭ رولى

خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى كومپيۇتېر تەربىيەلەش مەركىزىدىن ئابلىز مەتتۇرسۇن

كۇنۇپكا تاختىسىدا باش ھەرپى F دىن باشلانغان كۇنۇپكىلار بار. بىز ئادەتتە ئۇنى فۇنكسىيە كۇنۇپكىلىرى دەيمىز. ئەگەر سىز بۇ كۇنۇپكىلارنىڭ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدىكى رولىنى بىلىۋالسىڭىز، سىزنىڭ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىڭىزغا زور قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

F1: مەنبە باشقۇرغۇچى(资源管理器) ياكى ئېكران يۈزىدە بۇ كۇنۇپكا بېسىلسا Windows نىڭ ياردەم پروگراممىسى قوزغىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پروگراممىلاردىمۇ ئوخشاش ئىقتىدارنى بىجىرگىلى بولىدۇ.

F2: ئەگەر سىز مەلۇم بىر ھۆججەت ياكى مۇندەرىجىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز، ئۇنى تاللىغاندىن كېيىن مۇشۇ كۇنۇپكىنى باسسىڭىز ئىسىم ئۆزگەرتىش ھالىتىگە كېلىدۇ.

F3: ئېكران يۈزىدە ياكى مەنبە باشقۇرۇش كۆزنىكىدە تۇرۇپ مۇشۇ كۇنۇپكا بېسىلسا ھۆججەت ئىزدەش پروگراممىسى قوزغىلىدۇ.

F4: بۇ كۇنۇپكا IE دا بېسىلسا ئادرېس تىزىملىكى ئېچىلىدۇ. ئەگەر Alt بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېسىلسا پروگرامما ئېتىلىدۇ. ئېكران يۈزىدە Alt بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېسىلسا سىستېمىدىن چېكىنىش كۆزنىكى كۆرۈنىدۇ.

F5: بۇ كۇنۇپكا بېسىلسا مەنبە باشقۇرغۇچ كۆزنىكى ۋە IE كۆزنىكىنىڭ مەزمۇنى يېڭىلىنىدۇ.

F6: بۇ كۇنۇپكا ئارقىلىق IE ۋە مەنبە باشقۇرغۇچ كۆزنىكىنىڭ ئادرېس كاتەكچىسىدىكى ئادرېسنى تېز سۈرئەتتە تاللاشقا بولىدۇ.

F7: بۇ كۇنۇپكىنىڭ Windows مەشغۇلات سىستېمىسىدا رولى يوق. بىراق باشقا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يۇمشاق دېتال ۋە DOS كۆزنىكىدە ئوخشىمىغان روللارغا ئىگە.

F8: كومپيۇتېر قوزغالغاندىلا بۇ كۇنۇپكا بېسىلسا سىستېمىنىڭ قوزغىلىش تىزىملىكى كۆرۈنىدۇ.

F9: بۇ كۇنۇپكىنىڭ Windows دا رولى يوق. بىراق كۆپ ۋاستە قويغۇچ(Media Player) دا ئاۋاز پەسەيتىش رولى بار. (باشقا يۇمشاق دېتاللاردا ئوخشىمايدۇ)

F10: بۇ كۇنۇپكا بېسىلسا نۆۋەتتىكى كۆزنەكنىڭ تىزىملىكى(菜单) تاللىنىدۇ. Shift بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ بېسىلسا مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى باسقاندا كۆرۈنىدىغان تىزىملىك چىقىدۇ.

F11: مەنبە باشقۇرغۇچ ياكى IE كۆزنىكىنى پۈتۈن ئېكران ھالىتىگە كەلتۈرگىلى، قايتا بېسىش ئارقىلىق ئەسلى قايتۇرغىلى بولىدۇ.

F12: بۇ كۇنۇپكىنىڭ Windows دا رولى يوق. بىراق WORD كۆزنىكىدە بېسىلسا ھۆججەتنى باشقا نامدا ساقلاش كۆزنىكى چىقىدۇ.

# Wordكۆزنىكىدىكى قىزىقارلىق رايونلار

قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە تاشلىق بويى مائارىپ ئىشخانىسىدىن مەمەتئىلى قاۋۇراخمان

نۇرغۇن كىشى WORD دىن پايدىلىنىپ ماقالە تەھرىرلىگەندە ئوڭ كۇنۇپكىنى كۆپ ئىشلىتىدۇ. ئەگەر يەنىمۇ دىققەت قىلسىڭىز WORD كۆزنىكىدىكى بەزى رايونلارنى باسقاندا ئالاھىدە بەلگىلەنگەن دىئالوگ رامكىلىرىنىڭ چىقىدىغانلىقىنى بايقايسىز. مەسىلەن:

1. مائۇس ئىسترېلكىسىنى WORD كۆزنىكىدە سىزغۇچنىڭ ئۈستىدىكى بوش تۇرغان ئورۇندا قوش چەكسەك بەت يۈزىنى لايىھىلەش(页面设置) كۆزنىكى كۆرۈنىدۇ.



2. مائۇس ئىسترېلكىسىنى سىزغۇچ ئۈستىدىكى يۆتكەش تالچىسى ئۈستىدە قوش چەكسەك ئابزاس(段落) دىئالوگ رامكىسى ئېچىلىدۇ.



3. مائۇس ئىسترېلكىسىنى ھالەت ئىستونى(状态栏) دىكى بەت نومۇرى بار ئورۇندا قوش چەكسەك ئىزدەش ۋە ئالماشتۇرۇش (查找和替换) رامكىسى ئېچىلىدۇ.



4. مائۇس ئىسترېلكىسىنى قورال ئىستونى(工具栏)دىكى بوش تۇرغان ئورۇندا قوش چەكسەك ئۆزى بەلگىلەش(自定义) رامكىسى كۆرۈنىدۇ.



5. ئەگەر بەت يۈزى ئىستونغا ئايرىلغان بولۇپ، مائۇس ئىسترېلكىسىنى سىزغۇچ ئوتتۇرىسىدىكى ئىستون ئايرىلغان بوش ئورۇندا قوش چەكسەك ئىستون(分栏) رامكىسى ئېچىلىدۇ.



# ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇچۇر تېخنىكىسى دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمىتىدىكى رولى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

كوناشەھەر ناھىيە يېڭىئۆستەڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىن يالقۇنجان ياسىن

گوۋۇيۈەن «يۇقىرىلار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش» توغرىسىدىكى پروگراممىنى ئېلان قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەستىن، يەنە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. شۇنداقلا «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر» (2004- يىل 8- نومۇرلۇق)نى تۈزۈپ تارقاتتى.

قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشى يېڭى دەۋر، يېڭى ۋەزىيەتتىكى چوڭقۇر تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم ئىش. ھازىرقى ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەچچە ئون يىلدىن كېيىنكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى، دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ ئۈمىدى. ئۇلار ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق جەھەتلەردىن تەربىيىلىنىشىنىڭ قانداق بولۇشى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن ساپاسىغا، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىلىم ساپاسى بىلەن ئەخلاق ساپاسىنى ماس قەدەمدە يېتىشتۈرۈپ مېڭىش ـ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، بۈگۈنكى دۇنيادىكى كەسكىن رىقابەتتە مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرالىشىدىكى ئاساس.

قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە زىچ ھەمكارلىشىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىز ئوقۇتقۇچىلار پارتىيىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشى خىزمىتى توغرىسىدىكى تەلىپى بويىچە مەسئۇلىيەتنى ئېنىق تونۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ بۇرچنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك.

مەكتەپ تەربىيىسىدە بولسۇن ياكى ئائىلە تەربىيىسىدە بولسۇن، باللارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ياخشى مىجەز خاراكتېر، توغرا دۇنيا قاراش، قىممەت قارىشى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ياكى سەل قارايدىغان ئەھۋاللار خېلىلا ئېغىر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھۆكۈمەت ھەرخىل نەشىر بويۇملىرىغا بولغان باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتىۋاتقان بولسىمۇ، بىر قىسىم قانۇنسىز نەشىر قىلىنغان كىتاب ۋە پىلاستىنكىلاردىكى سېرىق، شەھۋانىي مەزمۇنلار يەنىلا ھەر خىل يوچۇق، يوللار بىلەن كىرىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيىسىنى زەھەرلىمەكتە. بۇنىڭدىن باشقا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئەڭ مۇھىم بىر مەسىلە ھەرخىل ناتوغرا ئۇچۇر مەسىلىلىرى بولماقتا.

ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە كۈندىن ـ كۈنگە مۇھىم رول ئويناۋاتقان بولسىمۇ، زۆرۈر بولغان ئۇچۇر بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ھەمدە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىغا پۇرسەت ۋە رىقابەت ئېلىپ كەلدى.

مەسىلەن: كومپيۇتېر ئارقىلىق بانكا پۇل ئامانىتىنى قانۇنسىز يۆتكەش، دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلاش، ۋىروس ئىشلەش ۋە ئۇنى تارقىتىشتەك ئەخلاقسىز جىنايى قىلمىشلارنىڭ پەيدا بولۇشى، ساغلام بولغان جەمئىيەت مەدەنىيىتىگە سىلىشتۇرغاندا، ئەخلاقسىزلىق، شەھۋانىيلىق، زوراۋانلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلاردىكى ئۇچۇرلارنىڭ ئىنتېرنېتتا تېز سۈرئەتتە، كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى، تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەرنىڭ توردا مەدەنىي ئۇچۇرلارنى تارقىتىش بىلەن بىرگە، ئىدېئولوگىيە، دۇنيا قاراش، قىممەت قاراش، ئېتىكا، ئەخلاقىي كۆزقاراشلىرى قاتارلىقلارنى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىتىپ، تورغا كىرگۈچىلەرگە تەدرىجى تەسىر كۆرسىتىشى قاتارلىقلار.

ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بۇ خىل تەسىر سەل قاراشقا بولمايدىغان ئىنكاسلارنى پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە قىممەت كۆزقاراش ئىشەنچىسىنى، باغلىنىشىنى ۋە غورۇرىنى يوقىتىشىغا سەۋەب بولماقتا. بىر مىللەت ۋە بىر دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ناھايىتى خەتەرلىك خاھىشتۇر.

بۈگۈنكىدەك بۇنداق ئۇچۇرلاشقان جەمئىيەت يۇقىرىلاردىن نىسبەتەن يۇقىرى بولغان ئۇچۇر ساپاسىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇچۇر تېخنىكىسى دەرسلىكى كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى ئۇچۇر ساپاسىنى يېتىلدۈرىدىغان ئۇچۇر تېخنىكىسى مائارىپى. ئۇچۇر تېخنىكىسى مائارىپى بولسا ئوقۇغۇچىلارغا ئۇچۇر تونۇشى، ئۇچۇر ئەخلاقى، ئۇچۇر قوبۇل قىلىش، ساقلاش، بىرتەرەپ قىلىش ۋە يوللاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىقلار توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان مائارىپ.

ئۇچۇر تېخنىكىسى دەرسلىكى كۈچلۈك ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە دەرسلىك بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپ باسقۇچىدا كومپيۇتېر قوللىنىشنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇچۇر توپلاش، ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى

بىلىملەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن.

«ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇچۇر تېخنىكىسى دەرسلىكى پروگراممىسى (سىناق نۇسخا)» دا ئۇچۇر تېخنىكىسى دەرسلىكىنىڭ ئوقۇتۇش نىشانى «ئۇچۇر تېخنىكىسى دەرسلىكى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچۇر قوبۇل قىلىش، ئۇچۇر ئۇزۇتۇش، ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇنى ئەمەلىي قوللىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش، شۇ ئاساستا ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچۇر تېخنىكىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەدەنىيەت، نەزەرىيە ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىش تەربىيىسىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئۇچۇر تېخنىكىسى دەرسلىكى ھازىر خېلى كۆپ رايونلاردا كومپيۇتېرنىڭ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىشى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىگە ئاساسىي پەنلەر قاتارىدا كىرگۈزۈلدى ھەمدە باشقا پەنلەر بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلدى. لېكىن بىر قىسىم كىشلەرنىڭ ئۇچۇر تېخنىكا دەرسلىكىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغانلىق سەۋەبىدىن بۇ دەرسلىكنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ساپالىق قىلىپ تەربىيىلەشتىكى رولىغا سەل قاراش ھادىسىسى مەۋجۇت. ئۇچۇر تېخنىكىسى دەرسلىكىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئىدىيىۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن «ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇچۇر تېخنىكىسى دەرسلىكى پروگراممىسى (سىناق نۇسخا)» نىڭ تەلىپى، «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش» خىزمىتىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى سەۋەبىدىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇچۇر تېخنىكىسى دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوينايدىغان رولىنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇچۇر تېخنىكىسى دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرى:

بىرىنچى، كومپيۇتېر تېخنىكىسى كۈندىن - كۈنگە يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقان بولغاچقا كومپيۇتېر تېخنىكىسىنى ئۆگىتىشنى چوقۇم جانلىق، ئەركىن، ئۆزگىچە ئېلىپ بېرىشى، ئوقۇغۇچىلارغا مۇستەقىل ۋە ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشنى تەكىتلىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن «كومپيۇتېر بىزگە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيدۇ» دېگەننى ئويلىماستىن، «كومپيۇتېر ئارقىلىق بىز نېمە ئىش قىلىمىز» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، «كومپيۇتېر ئەخلاقى ۋە جىنايىتى»گە ئائىت مىساللارنى ۋە بۇنىڭغا دائىر قانۇن، سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنى سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇن - تۈزۈم كۆزقارىشىنى كۈچەيتىپ، توغرا بولغان ئەخلاقىي ساپاغا، ئۇچۇر ساپاسىغا ئىگە بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، يېڭىدىن تۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەت ئۆلچىمى (سىناق نۇسخا)»نىڭ 36 - ماددىسىدا «تور ئەخلاقىغا ۋە بىخەتەرلىكىگە ئائىت قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش، ناچار ئۇچۇرلارنى كۆرمەسلىك، تارقاتماسلىق، تور ئارقىلىق دوست تۇتۇشتا ئېھتىياتچان بولۇش، تىجارەت خاراكتېرلىق تورخانىلارغا كىرمەسلىك. تېلېۋىزور كۆرگەندە، تورغا چىققاندا ئۆزىنى تىزگىنلەش» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇڭا ئائىلىدە ياكى باشقا سورۇنلاردا تورغا چىققاندا، ساغلام بولغان تور بەتلىرىدىن ئۆزىگە پايدىلىق ھەرخىل ئۇچۇرلارنى تېپىشقا يېتەكچىلىك قىلىشى، ئىلھاملاندۇرۇشى، يېڭى، كۆڭۈلدىكىدەك ئوقۇتۇش مۇھىتى بىلەن تەمىنلىشى ھەمدە ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسىنى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچى، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىدىيىسى ۋە توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تىكلەش، ئىسىل ئىدىيىۋى پەزىلەت ۋە ياخشى ئەخلاقىي كەيپىيات يېتىلدۈرۈش تەربىيىسى بېرىش؛ غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىي، ئىنتىزامچان، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى ئىرىشىپ يېتىلدۈرۈش كېرەك.

بەشىنچى، بۇ دەرس ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇچۇر ئىگىلىيەلەيدىغان، ئۇچۇر يەتكۈزەلەيدىغان، ئۇچۇرنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ۋە قوللىنالايدىغان ئىقتىدارىنى، ئىجادچانلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇچۇر ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى ــــ ئۇنى مەڭگۈلۈك ئۆگىنىش ۋە ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇتۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆگىنىشكە ئاساس سېلىشى لازىم.

دېمەك، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا دۆلەت ۋە مىللەت مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ھالدا قوغداش، ياخشى بولغان ئۇچۇر ئەخلاقى بىلەن ئۇچۇر ئېڭىنى تىكلەش، ئىشلىتىلىدىغان ئۇچۇر، ئىشلىتىلمەيدىغان ئۇچۇر ۋە زىيانلىق ئۇچۇرلارنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلىشنى ئۆگىتىش كېرەك. دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، كومپيۇتېر ۋىرۇسىنى ئىشلەتمەسلىكى ھەم تارقاتماسلىقى، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىك پروگراممىلارنى تۈزمەسلىكى، كومپيۇتېر سىستېمىسى ھەم خەۋەرلىشىش تورلىرىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى، جەمئىيەت ئامانلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ۋە جەمئىيەت مۇھىتىنى بۇلغايدىغان، زوراۋانلىق، شەھۋانىيلىق قاتارلىق زىيانلىق ئۇچۇرلارنى كۆرمەسلىكى، كۆچۈرمەسلىكى، تارقاتماسلىقى، ئىشلەتمەسلىكى توغرىسىدا تەشۋىقىي تەربىيىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تېخىمۇ تولۇق تونۇپ يېتىپ، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، رىقابەتكە ئاكتىپ مۇئامىلە قىلىپ، ئاجىز ھالقىلارنى كۈچەيتىپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

# 21 - ئەسىردىكى كومپيۇتېر ۋە كومپيۇتېر تورى تەرەققىياتى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى تۇرگۇن ئىبراھىم

✦ 1942 - يىلى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىABC دۇنياغا كەلدى — دۇنيادىكى تۇنجى كومپيۇتېر ئامېرىكا ئەدۇخۋا ئىشتاتى ئىنستىتوتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى بۇلغارىيىلىك ۋىنسېت ئاتاناسوف(vinceut Atanasoff) ۋە ياردەمچىسى كىلفورد بېررىي(clifford Berry) تەرىپىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىلدى. بۇ كومپيۇتېرغا ABC (Atanasoff Berry computer) دەپ ئىسىم قويۇلدى. ئۇنىڭغا 300 دانە ئېلېكترونلۇق لامپا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئىككىلىك سىستېما قوللىنىلغان ئاساسى قۇرۇلمىسى ھازىرقى زامان كومپيۇتېرىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ.

✦ 1946 - يىلى، كومپيۇتېر ENIAC دۇنياغا كەلدى — 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ENIAC مۇۋەپپەقىيەتلىق ياسىلىپ چىقتى. ئۇنىڭغا 18000دانە ۋاكۇئۇم نەيچە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، جەمئىي 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلغان. ئەمما كومپيۇتېرنىڭ كەشپىيات ھوقۇقى يەنىلا ئاتاناسوفقا مەنسۇپ.

✦ 1947 - يىلى كىرىستال لامپا كەشىپ قىلىندى — 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئامېرىكا بېل لابوراتورىيىسىدىن شوكلى(W.Shockley)، براتىن(W.Brattain) ۋە باردىن(J.Bardeen) لار مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ دۇنيادىكى تۇنجى كىرىستال لامپىنى ياساپ چىقتى. بۇ خىل كىرىستال لامپا «نۇقتا ئۇلىنىش تىپىدىكى كىرىستال لامپا» ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن شوكلى يەنە «تۇگۇن ئۇلىنىش تىپىدىكى كىرىستال لامپا» نى كەشىپ قىلدى. بۇ خىل لامپا ھازىرقى زامان كىرىستال لامپىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىسى ئىدى. شۇڭلاشقا شوكلىغىمۇ «كىرىستال لامپىنىڭ بوۋىسى» دەپ نام بېرىلدى.

✦ 1956 - يىلى تۇنجى كىرىستال لامپىلىق كومپيۇتېر TX-O دۇنياغا كەلدى — تۇنجى قېتىم كىرىستال لامپا ئىشلىتىلىپ ياسالغان كومپيۇتېر ئامېرىكا ماساچۇسېتس ئىشتاتى سانائەت پەنلىرى ئىنستىتوتىدىكى لىنكولىن لابوراتورىيىسى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان TX-O كومپيۇتېرى بولۇپ، تەجرىبە تىپىدىكى ئۈرنەك ئاپپارات.

شۇ يىلى، كىرىستال لامپىنى كەشىپ قىلغان بېل لابوراتورىيىسىمۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى كىرىستال لامپىلىق كومپيۇتېرى Leprachaun نى ياساپ چىقتى. بۇ كومپيۇتېرغا پەقەت 5000 دانە كىرىستال لامپا ئىشلىتەكەن، ياگراتفۇنىڭ ساندۇغىچىلىك چوڭلۇقتا بولۇپ، توك سەرپىياتى 160W.

✦ 1963 - يىلى كۆپ ۋاستىلىق دەۋردىكى مەشغۇلات ئەسۋابى - مائۇس دۇنياغا كەلدى — 1963 - يىلى ئامېرىكا پاتېنت ئىدارىسى ئامېرىكىلىق دوگلاس.ئېنگېلبارت(Douglas C.Engelbart) نىڭ مائۇس كەشپىيات پاتېنتىنى رەسمىي تەستىقلىدى. دۇنيادىكى تۇنجى تولۇق ئىجرا قىلىنىدىغان ئېلېكترونلۇق خەت، يېزىق بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى، دەرىجىدىن تاشقىرى ۋاستە(SuperMedia)، لىنىيىدىكى چاقىتىش سىستېمىسى، كۆزنەك(Windows)، تېلېۋىزىيە يىغىنى قاتارلىقلار شۇ كىشىنىڭ تۇنجى تەشەببۇسى ھېسابلىنىدۇ.

✦ 1964 - يىلى IBM360سىستېمىسى ئېلان قىلىندى — 1964 - يىلى IBM شىركىتى IBM system/360 كومپيۇتېرىنى ئېلان قىلدى. بۇ كومپيۇتېردا تۇنجى قېتىم توپلاشتۇرۇلغان توك يولى تېخنىكىسى ئىشلىتىلگەن، ھەم «ماسلىشىشچانلىق(兼容)» چۈشەنچىسىنى كىرگۈزگەن. بۇ كومپيۇتېر ساھەسىگە ئومۇملۇق، ئۆلچەملىك ۋە سىستېمىلىق بولۇشتەك يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئېلىپ كەلگەن. بۇ كومپيۇتېرمۇ IBM نىڭ شىركەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئىگە مەھسۇلاتى بولۇپ قالغان. مەزكۇر تەتقىقات تۈرىگە 50 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىنغان بولۇپ، IBM نىڭ كومپيۇتېر ساھەسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئاساس سالغان.

✦ 1965 - يىلى تۇنجى ئۆلچەملىك كىچىك تىپىدىكى كومپيۇتېر PDP-8 دۇنياغا كەلدى — گەرچە DEC شىركىتى 1960 - يىلى تۇنجى كىچىك تىپتىكى كومپيۇتېر PDP-1 نى ياساپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما 1965 - يىلى ياساپ چىققان PDP-8 كومپيۇتېر ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن دۇنيادىكى تۇنجى ئۆلچەملىك كىچىك تىپتىكى كومپيۇتېر دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددى، ھەجمى كىچىك، باھاسى 18000دوللار بولۇپ، IBM360 باھاسىنىڭ 1/5 ئىدى.

✦ 1974 - يىلى تۇنجى خىزمەت پونكىتى ئۈرنەك ئاپپاراتى سېلۇ Alt0 دۇنياغا كەلدى — 4 - ئايدا سېلۇ شېركىتىنىڭ ئاتاقلىق تەتقىقات مەركىزى PARC دۇنيادىكى تۇنجى خىزمەت پونكىتى Alt0 نى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. بۇ خىزمەت پونكىتىدا ئېكران، مائۇس ۋە رەسىملىك ئىشلەتكۈچىلەر كۆرۈلمە يۈزى(كۆزنەك) بولغانلىقتىن، دۇنيادىكى تۇنجى رەسىملىك كۆرۈلمە يۈزى بولغان كومپيۇتېر ھېسابلىنىدۇ.

✦ 1976 - يىلى تۇنجى زور تىپتىكى كومپيۇتېر Cray-1 دۇنياغا كەلدى — سېيمۇن كىراي(Seymoun Cray) CDC6600 دىن CyBER176 غىچە بولغان بىر قاتار دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ تىپتىكى كومپيۇتېرنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان. 1972 - يىلى كىراي تەجرىبە شىركىتىنى قۇرغان، شۇ يىلى زور تىپتىكى كومپيۇتېر CRAY-1 نى ياساپ چىققان، بۇ كومپيۇتېرنىڭ ھېسابلاش سۈرئىتى سېكۇنتىغا 2.5 مىليارد قېتىمغا يەتكەن.

1989 - يىلى ياساپ چىققان CRAY-3 نىڭ سۈرئىتى سېكۇنتىغا 100مىليارد قېتىمغا يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ «زور تىپتىكى كومپيۇتېر ئاتىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

✦ 1981 - يىلى تۇنجى ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق بولغان كومپيۇتېر Osborne-1 دۇنياغا كەلگەن — Osborne-I نىڭ ئېغىرلىقى 24 پونت، ئىچكى ساقلىغۇچى 64K، بەش دىيوملۇق ئېكران، كۇنۇپكا تاختىسى، مائۇس، Modem، يۇمشاق دىسكا قوزغاتقۇچ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تولۇق بولۇپ، باھاسى 1795دوللار بولغان. شۇ يىلى 125مىڭ يۈرۈش سېتىلغان.

✦ 1987 - يىلى پرافېسسور چېئەن تىئەنبەي ئەۋەتكەن تۇنجى

ئېلېكترونلۇق خەت مەملىكىتىمىزدىن دۇنياغا يوللاندى ـــ پرافېسسور چيېن تيەنبـەي مەسـئۇل بولغـان (Chinese Academic Network)CANET خەلقئارا تور تۈرى 1986 - يىلى بېيجىڭ شەھەرلىك كومپيۇتېر قوللىنىش تـەتقىقات ئورنـى ئەمەللەشتۈرگـەن تـەتقىقات تـۈرى بولـۇپ، ئىتالىيىنىڭ بېيجىـڭدىكى گۇرۇپپىـغا بـۆلۈش تـورى(ITAPAC) نـى گـېرمانىيىنىڭ DATEX-P تـــورى ئـــارقىلىق غـــەربىي گـــېرمانىيە كارلسـروخې(KARLSRUHE) ئۇنىۋېرسـىتتى بىلـەن ئۇلاشـنى ئەمەلگـە ئاشۇرغان. ئالاقىلىشىش دەسلەپكى سۈرئىتى 300bps بولغان.

✦ 1989 - يىلـــى 3 - ئـــايدا، T.B.Lee ئـــۆزىنىڭ «Hypertext and CERN» نـاملىق ماقالىسـىنى ئېـلان قىلىـپ، تۈنجى www پىلانىنى تـۈزدى. 1990 - يىلى 11 - ئايدا T.B.Lee باشـچىلىقىدا NeXT سىستېمىسـىدا تۈنجـى www نىـڭ دەسلەپـكى نۇسخىسـىنى تـۈزۈپ چىقىلـدى. بىر ئايدىن كېيىن NeXTstep دىكـى تۈنجى www كۆزەتكۈچىسىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقتى ھەم ھـەرخىل ھـەرخىل قـاتتىق دېتـال سىسـتېمىلىرىغا كـۆچۈرۈلدى. ئۇلارنىـڭ ئىچىـدە ھـەرخىل خىزمـەت پـونكىتلىرى، چـوڭ، ئوتـتۇرا ۋە كىچىـك تىپـتىكى كومپـــيۇتېرلار ھـــەرخىل Unix مەشـــغۇلات سىســـتېمىلىرى، MS-Windows,MS-DOS قاتارلىقلار بار ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھـەرخىل زىيـارەت قىلغۇچىلار بارلىققا كېلىشكە باشـلىدى. بۇنىـڭ ئىچىـدە www نى Internet دا تېزلىكتە تەرەققى قىلدۇرۇشتا زور رول ئوينىغان زىيارەت قىلغۇچ Mosaic ئىدى. Mosaic بىرخىل تور بـەت زىيـارەت قىلىـش يۇمشـاق دېتـالى بولـۇپ، 1993 - يىلـى ئامېرىكـا دۆلـەتلىك دەرىجىدىن تاشقىرى كومپيۇتېر مـەركىزىدىكى Marc Andreessen تۈزۈپ چىققان. دەسلەپتە بۇ يۇمشاق دېتال پەقەت X-Windows دىلا خىزمـەت قىلىدىغـان بولـۇپ، تـەرەققىيات جـەريانىدا باشـقا مەشـغۇلات سىسـتېمىسـىدىكى نۇسـخىلىرىمۇ بارلىققا كـەلدى. بـۇ يۇمشـاق دېتـال رەسـىم ئېكـران يۈزلـۈك بولـۇپ، رەسـىم مەنبـەلىرىنى بىمـالال كۆرسـىتەلىگـەچكە Internet تـا تېـز سـۈرئەتتە تـارقىلىپ، WWW نىـڭ ئومۇملىشىشـىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

✦ 1991 - يىلـى SUN شـىركىتى 13 ئـادەملىك بىـر تـەتقىقات گۇرۇپپىسىغا كۆپ مىقداردا مەبلەغ بېرىپ، كېلەركى ئەۋلات تېخنىكا دولقۇنى ئۈچۈن بىـر خىـل يېڭى مەھسۇلات ياساشـنى ھاۋالە قىلـدى. بـۇ گۇرۇپپا بىـرخىل VCD قويغۇچتىـن تـارتىپ تـوك دوخوپكىسـىغىچە ھـەرخىل ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى كونتـرول قىلىدىغان بىر ئورتـاق يـول تېپىـش ئۈستىدە ئىزدەندى. بۇ گۇرۇپپىدىكى James Gosling ناھايىتى تېزلا C++ نىـڭ بـۇ خىـل يوقىـرى سـەۋىيىلىك مەھسـۇلاتنىڭ ئېشـەنچلىك بولۇشـىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدىغانلىقىنى سـەزدى. شـۇڭا ئـۇ بىـرخىل يېڭى پروگـراما لاھىيلـەش تىلىـنى تـۈزۈپ ئۇنىڭغـا Oak دەپ ئىسـم قويـدى. لېكىن كېيىن ماركا ھوقۇقى مەسىلىسـى تۈپەيلىدىن ئىسمىنى JAVA غا ئۆزگەرتتى.

✦ 1994 - يىلـــى Steven_Kirsch ئىنتېـــرنېتتىن ئىزچـــۇر ئاختۇرىدىغان ئاختۇرغۇچ InfoSeek نى تۈزدى.

✦ 1994 - يىلـى 5 - ئايدا جۇڭگـو پـەنلەر ئاكادېمىيىسـى يۇقىـرى ئېنېرگىيە فىزىكا تـەتقىقات ئىنستىتوتى مەملىكـەت ئىچىدىكى تۈنجى تـور مۇلازىمـەت قىلغۇچىـنى قـۇرۇپ، جۇڭگـونىڭ تۈنجـى يـۇرۇش تـور بېتىـنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. تور بـەت مـەزمۇنى مـەملىكىتىمىزنىڭ يۇقىـرى تېخنىكا تـەرەققىيات ئـەھۋالىنى تونۇشـتۇرغاندىن باشـقا يەنـە «جۇڭگـوغا سـاياھەت» دېگەن سەھىپىسىمۇ بار ئىدى. كېيىنچە بۇ تور بەتتە ئاخبارات، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سودا - تىجارەت قاتارلىق رەسىم بىلەن يېزىق بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇچۇرلارنىمۇ تەمىنلەشكە باشلىغان. كېيىن تور بېكەت ئىسمىنى «جۇڭگو كۆزنىكى» گە ئۆزگەرتكەن.

✦ 1995 - يىلـــى مىكروســـوفت شـــىركىتى windows95 مەشغۇلات سىستېمىسىنى بازارغا سالدى.

✦ 1995 - يىلى Sun شـىركىتىنىڭ نـامى مـودا بولـۇپ كـەتتى. Web بېتىنى ھەركەتلەندۈرەلەيدىغان پروگراما لاھىيەلەش تىلى Java رەسـمىي تـارقىتىلدى. 5 - ئـايدا Sunworld95 دە ئـېلان قىلىـندى. پروگراما لايىھەلەش خادىملىرى ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كەتتى، مىڭلىغان ئون مىڭلىغان زىيارەتلەر Sun نىڭ مولازىمېتىرلىرىنى ئالدىرىتىپ قويدى. مىكروسوفت شىركىتى قاتارلىق چوڭ شىركەتلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن Java نى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.

✦ 1995 - يىلى Netscape ئالاقە شىركىتى Nasdaq دا تۈنجـى قېـتىم ئوتتۇرىغـا چىقىـپ زور تەسـىر قوزغىـدى. شـۇ يىلـى Netscape بىلەن Microsoft ئارىسىدىكى تور بەت زىيارەت قىلغۇچ ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى.

✦ 1995 - يىلى 5 - ئايدا، جۇڭگو تېلېگرافى جۇڭگو ئاممۇي كومپـيۇتېر تـورى(CHINANET) نىـڭ پـۈتۈن مەملىكـەت غـول تـورى قۇرۇلۇشىنى باشلىدى.

✦ 1995 - يىلى 7 - ئايدا، جۇڭگو مائارىپ ۋە پـەن - تـەتقىقات كومپيۇتېر تورى(CERNET) ئامېرىكىنىڭ 128K لىق خەلقئارا مەخسۇس لىنىيىسىگە ئۇلاندى.

✦ 1995 - يىلى 8 - ئايدا، جوڭگو مائارىپ ۋە پـەن - تـەتقىقات كومپـيۇتېر توريـدا مۇنـازىرە مۇنبىـرى(BBS) رەسـمى ئېچىلىپ، جۇڭگـودا تۈنجى قۇرۇلغان BBS بولۇپ قالدى.

✦ 1997 - يىلـى 2 - ئـايدا، كىشـلەر ئۆزۈندىــن بېـرى كۈتـۈپ كېلىۋاتقان 56k ئۆلچىمى مەيدانغا كەلدى. خەلقئارا تېلېگراف بىرلەشمىسى يىغىـن ئـۆتكۈزۈپ، بـارلىق تېخـنىكىلىق مەسـىلىلىرى ئۈسـتىدە بىرلىككـە كەلدى.

✦ 1997 - يىلى 6 - ئايدا، گوۋۇيۈەن ئۇچۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسـى ئىشخانىسـىنىڭ ھاۋالىسـگە ئاساسـەن، جۇڭگـو ئاكادېمىيـە كومپيۇتېر تورى مەركىزى تور ئۇچۇر مەركىزى(CNNIC) نى قۇردى.

✦ 1997 - يىلى 11 - ئايدا، ئامېرىكىنىڭ 4 - ئورۇنـدا تورىدىغان Worldcom ئالاقە شىركىتى 370 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى باھاسىدا ئىككىنچى ئورۇنـدا تۇرىدىغان مىكرو دولقۇن ئالاقە شىركىتى MCI نـى ئۆزىگە قوشىۋالدى.

✦ 1998 - يىلـى 6 - ئـايدا، AT&T شـىركىتى 480 مىليـارد ئامېرىكـا دوللـىرى بىلـەن ئـامېرىكىنىڭ 2 - ئورۇنـدا تۇرىدىغـان سىملىق تېلېۋىزىيە شىركىتى TCI نى قوشىۋالدى.

✦ 1998 - يىلى، دۇنيـادىكى ئـەڭ چـوڭ ئىنتېـرنېت مۇلازىمىتى بىلـەن تەمىنلـەيدىغان AOL شـىركىتى پـاي چېكىـنى ئالماشـتۇرۇش، پايدىدىن ئورتاق بەھرىمان بولۇش شەكلىدە ئاتاقلىق كۆزەتكۈچ يۇمشاق دېتال شىركىتى Netscape نى سېتىۋالدى.

(1999 - يىلدىن كېيىنكى ۋەقەلەر ئېھتىمال سىزنىڭ خاتىرىڭىزدا بولسا كېرەك)

**ھەپتىلىك كومپيۇتېر گېزىتىنىڭ 51 - سانىدىن تەرجىمە قىلىنغان.**



## كومپيۇتېر بازىرىغا نەزەر

✦ بايرام مۇناسىۋىتى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يېقىندىن بۇيان Celeron D بىر تەرەپ قىلغۇچنىڭ باھاسى ئۆسىۋالدى. ئۆسۈش نىسبىتى ئون پىرسەنت ئەتراپىدا. بولۇپمۇ Celeron D 2.26GHz نىڭ ئۆسۈش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى. بىراق يۇقىرى دەرىجىلىك Pentium4 بىر تەرەپ قىلغۇچلارنىڭ باھاسى 20 يۈەندىن 50 يۈەن ئارىلىقىدا تۆۋەنلىدى.

✦ AMD نىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك بىر تەرەپ قىلغۇچلىرىنىڭ باھاسى ئالدىنقى ئايلاردا بىر ئاز ئۆسىۋالغان بولسىمۇ، ھازىر ئاساسەن ئەسلىگە كەلدى. مەيلى يۇقىرى دەرىجىلىك ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك بىر تەرەپ قىلغۇچ بولسۇن باھاسى ئومۇميۈزلۈك چۈشتى.

✦ ئىچكى ساقلىغۇچ باھاسى ئالدىنقى نەچچە ئايدا تۆۋەنلەش ۋە بىر مەزگىللىك يۇقىرىلاش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ھازىر ئاساسەن مۇقىملاشتى. DDR266 نىڭ 1MB بوشلۇقى بىر يۈەنگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا DDR266، DDR333 ۋە DDR400 لار ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقىمۇ بارغانسېرى كىچىكلەشكە باشلىدى.

✦ قاتتىق دىسكىلار باھاسىدا يەنىلا چوڭ ئۆزگىرىش يوق. بەزى تۆۋەنرەك سىغىمدىكى قاتتىق دىسكا باھاسى تۆۋەنلىدى. ھازىر بازاردا چوڭ سىغىمدىكى قاتتىق دىسكىلار كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر ئاز قىممەت. مەسىلەن، 300GB نىڭ باھاسى 2000 يۈەن ئەتراپىدا، 400GB نىڭ باھاسى 3500 يۈەن ئەتراپىدا.

✦ Intel نىڭ LGA775 ئۆلچەملىك بىر تەرەپ قىلغۇچنى قوللايدىغان i915 ئۆزىكى ئىشلىتىلگەن ئاساسىي تاختا ۋە AMD نىڭ Socket939 ئۆلچەملىك بىر تەرەپ قىلغۇچنى قوللايدىغان ئاساسىي تاختىلىرى ئومۇملىشىشقا باشلاپ باھاسى چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى i865/875 ۋە K7 قاتارلىق ئاساسىي تاختىلارنىڭ باھاسى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلىدى. ھازىر شۇ i865/875 ۋە K7 قاتارلىق ئاساسىي تاختىلار ئارقىلىق ناھايىتى ئەرزانلا كومپيۇتېر قۇراشتۇرغىلى بولىدۇ.

✦ ئېكران، ئوپتىك دىسكا ئوقۇغۇچلىرى ۋە باشقا كارتىلارنىڭ باھاسىدىكى تۆۋەنلەش نىسبىتىمۇ ناھايىتى زور. تۆۋەتتە يەنىمۇ تۆۋەنلەش باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ.

### دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

✦ ماركىلىق كومپيۇتېرلارنىڭ مۇلازىمىتى ياخشى، ئىقتىدارىمۇ مۇقىم بولۇپ، تېز سۈرئەتتە ئومۇملاشتى. ھەر قايسى شەھەرلەردە كۆپلىگەن ۋاكالىتەن سېتىش ئورۇنلىرى قۇرۇلدى. باھاسىمۇ بىر تۇتاش بولغاچقا ئالدامچىلىقلار ئازلىدى. بىراق ھازىر كومپيۇتېرلارنىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتى تېز بولغاچقا ماركىلىق كومپيۇتېر زاۋۇتلىرى قەرەللىك ھالدا ھەرخىل تىپتىكى كومپيۇتېرلىرىنىڭ باھاسىنى تەڭشەپ تۇرىۋاتىدۇ. لېكىن بەزى چەترەك رايونلاردىكى ۋاكالىتەن سېتىش ئورۇنلىرى ئەڭ يېڭى باھا ئىشلەتمەستىن، «دۆلەت ئىچىدىكى ئورتاق باھا(全国统一价格)» دېگەننى بايراق قىلىپ بۇرۇنقى باھاسىدا قىممەت سېتىۋاتقان ئەھۋاللار كۆپىيىپ قالدى. شۇڭلاشقا ماركىلىق كومپيۇتېرلارنى چەترەك رايونلاردىن سېتىۋالماقچى بولغانلار ئەڭ ياخشىسى شۇ تىپتىكى كومپيۇتېرنىڭ باھاسىنى توردىن ياكى مۇلازىمەت ئورۇنلىرىغا تېلېفون قىلىپ بىلىۋالغاندىن كېيىن سېتىۋالغىنى ياخشى. ياكى بولمىسا ھەرخىل بازار ئۇچۇرى گېزىت-ژۇرناللىرىدىن پايدىلانسىمۇ بولىدۇ. (باشقا ئەسۋابلاردىمۇ ئوخشاش)

# كومپيۇتېر زاپچاسلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى باھا ئەھۋالى

### CPU لارنىڭ باھاسى

| تىپى | باھاسى(يۈەن) |
|---|---|
| Pentium4 3.2E/3.0E/2.8E/2.4A | 2000/1450/1370/980 |
| Pentium4 3.2C/2.8C/2.8B/2.4B | 1730/1440/1325/1020 |
| Pentium4 520/530 (LGA775) | 1400/1550 |
| CeleronD 330J/330/325/320 | 785/680/660/615 |
| Celeron4 2.4G/2.0G/1.8G | 555/495/450 |
| Athlon64 3400+/3200+/3000+/2800+ | 1770/1590/1190/970 |
| Athlon64 3200+/3000+ (Socket939) | 1790/1330 |
| AthlonXP 3000+/2800+/2500+/2200+ | 1080/790/690/470 |
| Sempron 3100+/2800+/2600+/2300+ | 940/860/580/385 |

### ئىچكى ساقلىغۇچلارنىڭ باھاسى

| تىپى | باھاسى(يۈەن) |
|---|---|
| HY DDR266 512M/256M/128M | 470/240/115 |
| HY DDR333 512M/256M | 530/270 |
| KingSton DDR333 512M/256M | 585/300 |
| KingSton DDR400 512M/256M | 610/315 |
| KingMax DDR400 512M/256M | 590/295 |
| 金士泰 DDR400 512M/256M | 525/265 |
| Apacer DDR400 512M/256M | 570/295 |
| 金邦 DDR400 512M/256M | 650/290 |

### قاتتىق دىسكىلارنىڭ باھاسى

| تىپى | باھاسى(يۈەن) |
|---|---|
| SeaGate (PATA) 40G/80G/120G/160G | 440/490/630/700 |
| SeaGate (SATA) 80G/120G/160G/200G | 550/730/840/1050 |
| Maxtor (PATA) 40G/80G/120G/160G | 400/485/630/815 |
| Maxtor (SATA) 80G/120G/160G | 675/780/960 |
| WD (BB/PATA) 80G/120G/160G | 510/660/780 |
| WD (JB/PATA) 40G/80G/120G/160G | 410/460/600/680 |
| Hitachi (PATA) 40G/80G/120G/160G | 400/460/620/690 |
| Hitachi (SATA) 80G/120G/160G/250G | 550/700/890/1380 |

### ئاساسىي تاختىلارنىڭ باھاسى

| تىپى | باھاسى(يۈەن) |
|---|---|
| 升技 AG8(i915)/IS7-E/NF8-V/NF7 | 1450/670/799/490 |
| 华硕 P4GD2(i915P)/P4GD1(i915)/P4P800SE/K8VX | 1899/1430/870/860 |
| 磐正 4PDA5+/4PDA3I/8KDA3I/8RDA3I | 790/690/790/460 |
| 微星865PE Neo2-PFS/848P Neo-V/K8T/K7N2 | 720/590/820/599 |
| 技嘉8IG1000-G/8TRX330/7VT600-RZ/7N400-L | 690/590/470/550 |
| 青云 PX915P/865PE/KX600/K8X800 | 960/580/420/699 |
| Intel D865PCD/D865PERL/D915GAV/D915BPL | 600/680/1200/1250 |
| 昂达 VP4T/848PN/865PN | 360/440/530 |
| SOLTEK 865PE2-G/75FRN3/PT880Pro | 625/799/880 |
| 精英 865PE-A/PT800CE-A/915P-A | 650/499/1280 |

## ئوپتىك ئۈسكۈنىلەرنىڭ باھاسى

| تىپى | باھاسى(يۈەن) |
|---|---|
| 微星 C52/Samsung 52X/LG 52X/摩西 52X (CD-ROM) | 168/148/150155 |
| 华硕 5232AS/Sony CRS230A/摩西 52X (ئوقۇغۇچ CD) | 245/310/265 |
| Samsung/华硕/Aigo/摩西/昂达 (DVD-ROM) | 250/245/245/229/255 |
| 华硕1604P/ SamsungH552B/摩西8X/志美4X (ئوقۇغۇچDVD) | 699/559/499/399 |

## بارماقدىسكىلارنىڭ باھاسى

| تىپى | باھاسى(يۈەن) |
|---|---|
| Aigo 128MB/256MB/1GB | 299/489/1499 |
| Hyundai 128MB/256MB/512MB | 188/328/1299 |
| 纽曼 128MB/256MB/512MB | 168/348/850 |

## SD ساقلىغۇچلارنىڭ باھاسى

| تىپى | باھاسى(يۈەن) |
|---|---|
| KingMax SD1GB/SD512MB/CF512MB/CF256MB | 730/420/420/240 |
| KingSton CD512MB/SD256MB/CF1GB/SD256MB | 380/225/610/235 |
| SanDisk SD1GB/SD512MB/CF512MB/CF2GB | 900/520/680/1640 |
| Sony Memory Stick Duo 512MB/256MB | 880/500 |

## ئالقان كومپيۇتېر(PDA)لارنىڭ باھاسى

| تىپى | باھاسى(يۈەن) |
|---|---|
| 华硕 MyPal !730/A620/A620BT | 4600/2350/2750 |
| Acer n30/n10 | 2450/2050 |
| HP iPAQ rz1717/H1940/H3950 | 2000/2200/2300 |
| 联想 天机 XP208/XP218/XP210 | 2180/3180/4300 |

## MP3 قويغۇچنىڭ باھاسى

| تىپى | باھاسى(يۈەن) |
|---|---|
| Aigo 月光宝盒 V001(128MB) | 399 |
| 微星 MS-5511 (128MB/FM) | 390 |
| 昂达 VX606 (128MB/FM) | 499 |
| Apple Mini iPod (4GB/FM) | 2420 |
| Sumsung YP-520 (128MB/FM) | 1099 |

## سىفىرلىق رەسىم ئاپپاراتىنىڭ باھاسى

| تىپى | باھاسى(يۈەن) |
|---|---|
| Sony DSC-P100 (بەش مىليون 300مىڭ چېكىت/ئۈچ ھەسسە ئۆزگىرىشچان فوكۇس) | 2750 |
| Nikon CoolPix5100 (بەش مىليون 360 مىڭ چېكىت/ئۈچ ھەسسە ئۆزگىرىشچان فوكۇس) | 2040 |
| Canon PowerShot A95 (بەش مىليون چېكىت/ئۈچ ھەسسە ئۆزگىرىشچان فوكۇس) | 2670 |
| Kodak DX7590 (بەش مىليون 360 مىڭ چېكىت/ئون ھەسسە ئۆزگىرىشچان فوكۇس) | 3350 |
| Fuji FinePix S5000 (ئۈچ مىليون 100 مىڭ چېكىت/ئون ھەسسە ئۆزگىرىشچان فوكۇس) | 2550 |

## سىفىرلىق كامېرانىڭ باھاسى

| تىپى | باھاسى(يۈەن) |
|---|---|
| Sony DCR-HC30E (2.5"/800مىڭ چېكىت/ئون ھەسسە ئۆزگىرىشچان فوكۇس) | 4150 |
| Canon MVX250i (2.5"/بىر مىليون 330 مىڭ چېكىت/18 ھەسسە ئۆزگىرىشچان فوكۇس) | 5730 |
| Panasonic NV-GS120 (2.5"/540مىڭ چېكىت/ئون ھەسسە ئۆزگىرىشچان فوكۇس) | 5300 |
| JVC GR-D93AC (2.5"/بىر مىليون 330 مىڭ چېكىت/ئون ھەسسە ئۆزگىرىشچان فوكۇس) | 4800 |

ئەسكەرتىش: يۇقىرىدىكىسى يېقىنقى بىر ئاي ئىچىدىكى باھا. ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇرۇشى مۇمكىن.

## كۆرسىتىش كارتىلىرىنىڭ باھاسى

| تىپى | باھاسى(يۈەن) |
|---|---|
| 七彩虹 天行660CH(Geforce6800/PCI-E)/风行5700V(Gforce FX5700) | 1250/699 |
| 七彩虹 镭风9550(Radeon 9550)/X800Pro(RadeonX800 pro/PCI-E) | 499/3250 |
| 技嘉 GV-N570M2D(Geforce5700)/NX620N2DP(Gforce6600PCI-E) | 890/1350 |
| 技嘉 GV-R955N2D(Radeon9550)/GV-N520N2D(Geforce FX5200) | 599/499 |
| 双敏 小妖G 6618GT(Geforce6600GT/PCI-E)/速配6218 | 1570/990 |
| 双敏 5718V (Geforce5700)/火旋风9518(Radeon9550) | 799/550 |
| 盈通 镭龙RX800XT(ATI X800XT)/ 镭龙R980SE(Radeon9800) | 4500/790 |
| 盈通 剑龙G9420-8X(Geforce4 Ti4200)/剑龙G5700(GeforceFX5700) | 399/499 |

## ئېكرانلارنىڭ باھاسى

| تىپى | باھاسى(يۈەن) |
|---|---|
| Philips 107E5/107B5/107S6/107T6/107C6/107F6 (17"/CRT) | 899/1250/999/1080/1210/1050 |
| Samsung 793MB/795MB/788DF/793DF (17"/CRT) | 1050/1100/945/990 |
| LG F710B/F702P (17"/CRT) | 1010/1200 |
| BenQ A771+/A772+ (17"/CRT) | 1050/1150 |
| Mega 770PF+/770XC (17"/CRT) | 890/1050 |
| Neso HD770 II/FD797P (17"/CRT) | 1240/1190 |
| Aigo 788HD/798HD (17"/CRT) | 1230/1320 |
| AOC B787/B789 (17"/CRT) | 900/980 |
| Mitsubishi Plus 93SB (19"/CRT) | 4499 |
| Samsung 997MB (19"/CRT) | 1650 |
| Philips 109B5/109P4 (19"/CRT) | 1650/2850 |
| ViewSonic E90f plus/G90f+/P97f+ (19"/CRT) | 1750/2399/3199 |
| Samsung 152X/510N/510T (15"/LCD) | 2290/2150/2250 |
| Philips 150X4/150S5/150B5/150C5 (15"/LCD) | 2990/1999/2288/2199 |
| AOC D451/152V (15"/LCD) | 1999/2048 |
| BenQ FP537S/FP556S (15"/LCD) | 2049/2099 |
| ViewSonic VE510S/VG510S (15"/LCD) | 1999/2088 |
| 小影霸 KF15M (15"/LCD) | 1599 |
| SONY SDM-HX73/HS74/HS74P (17"/LCD) | 4999/3499/3999 |
| BenQ FP737S/FP71E+/FP756-12MS/FP71G (17"/LCD) | 2399/3999/2499/2499 |
| Samsung 173P/172X/710V/710T (17"/LCD) | 3390/3699/2590/2790 |
| Philips 170C5/170S5/170B5/170X5 (17"/LCD) | 2699/2499/2799/2888 |
| 小影霸 HF-17A/KF17M-03W (17"/LCD) | 1999/2399 |
| 金长城 E171A/173A+ (17"/LCD) | 1888/2288 |

## ئاۋاز كارتىسىنىڭ باھاسى

| تىپى | باھاسى(يۈەن) |
|---|---|
| Creative SB Live! 5.1/Audigy LS/Audigy2 Value | 298/490/590 |
| Creative Audigy2 ZS/Audigy2 ZS白金版 | 980/2280 |
| TerraTec 傲龙(5.1)/SixPack 5.1+/Aureon 7.1 Spac | 199/430/890 |

## ياڭراتقۇنىڭ باھاسى

| تىپى | باھاسى(يۈەن) |
|---|---|
| Creative SBS2.1/Inspire T2400/T5400/T2900/T7700 | 350/370/980/600/1400 |
| Creative PCWorks LX200/TX230 | 248/298 |
| 漫步者 R1900T III/R1600DT/R301T/R341T/S2000/M3 | 550/560/135/345/1980/498 |
| Microlab 梵高360/梵高550/梵高361/M300 II | 298/350/398/148 |
| 冲击波 SC-1/SC-2103/SC-2106/SC-2108 | 130/188/198/230 |

# كومپيۇتېردا ئىشلەنگەن لايىھەلەر



لايىھە ماتېرىياللىرى



پۈتكەن لايىھە



پۈتكەن لايىھە



لايىھە ماتېرىياللىرى

# 0991- 8555555 2555555



ئەنۋەر رەجەپ مۇئەللىم



ئابباس مۇئەللىم

8920555






دىلنۇر مۇئەللىم

8111255



ئابلىز مۇئەللىم



ۋاڭ مۇئەللىم



مەمەتجان مۇئەللىم

# ئىختىساس ئىگىلىرى چەتئەل تىللىرى مەكتىپى

## ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ

**دەرسنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆتىدۇ**

ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ 2004 - يىلى 12 - ئايدا مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن ئىختىساس ئىگىلىرى چەتئەل تىللىرى مەكتىپى بولۇپ تەستىقلىنىپ قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!!!

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | كومپيۇتېر + خەنزۇ تىلى + ئىنگلىز تىلى | 5 | خەنزۇ تىلى + ئىنگلىز تىلى | 9 | ئىنگلىز تىلى ( ئالىي تېخنىكوم) |
| 2 | رۇس تىلى + كومپيۇتېر + خەنزۇ تىلى | 6 | كومپيۇتېر + خەنزۇ تىلى | 10 | ياپون تىلى + خەنزۇ تىلى |
| 3 | ياپون تىلى + كومپيۇتېر + خەنزۇ تىلى | 7 | كومپيۇتېر + ئىنگلىز تىلى | 11 | قانۇن + كومپيۇتېر |
| 4 | خەنزۇ تىلى، فرانسۇز تىلى | 8 | رۇس تىلى، ئوردو تىلى | 12 | ياپون تىلى، ئەرەب تىلى |
| دەرس ۋاقتى | پۈتۈن كۈنلۈك، چۈشتىن بۇرۇن، چۈشتىن كېيىنلىك، كەچلىك، شەنبە - يەكشەنبىلىك | | | | |
| ئوقۇش مۇددىتى | 5 يىل، 4 يىل، 3 يىل، 2 يىل، 1 يىل، 6 ئاي، 4 ئاي، 3 ئاي بولىدۇ. ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. | | | | |

مەكتىپىمىز - ئەمەلىي ئىشلىنىدىغان كەسپلەرگە پىلان ئىچىدە 3 يىللىق ھەم 2 يىللىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. نوپۇسى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدۇ. دۆلەت ئوقۇش تارىخىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ياخشى ئوقۇغانلار ئۈرۈمچىگە توختام بىلەن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانغا بىر تۇتاش قاتناشتۇرۇلۇپ لاياقەتلىك بولغانلارغا ئالىي تېخنىكوم دىپلومى بېرىلىدۇ. دۆلەت ئوقۇش تارىخىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.



| ئالىي تېخنىكوم | ئوتتۇرا تېخنىكوم | قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى |
|---|---|---|
| 3 - 2 يىل | 1 - 2 يىل | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر |
| 4 - 3 يىل | 2 - 3 يىل | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر |

- خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى HSK كۈچەيتىش سىنىپى
- كومپيۇتېر ئاساسىي بىلىملىرى، ئىشخانا ئاپتوماتلاشتۇرۇش
- كومپيۇتېر ئوتتۇرا دەرىجە سىنىپى (1-، 2- دەرىجە)
- تەخشىلىكتە ئېلان لايىھىلەش
- فىلىم كىرىشتۇرۇش




0991- 8555555 2555555 8555888 8533333 8522222

مەكتىپىمىز - ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ساياھەت كورپىراتسىيىلىرى، ئىمپورت - ئېكسپورت سودا شىركەتلىرى، تەرجىمە بۆلۈملىرى، چەتئەل ئىگىلىكىدىكى چوڭ شىركەتلەر ۋە چوڭ تىپتىكى مېھمانسارايلار بىلەن ھەمكارلىق توختامى ئورناتقان بولۇپ، ياخشى ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنى شۇ ئورۇنلارغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

مەكتىپىمىزنىڭ جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسىدىكى ھېساب نومۇرى: 4367 4245 4001 9933 888